# مەرىپەت

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

ياۋا كەپتەر

ئەرەب دىياردا چاقنىغان ئۇيغۇر يۇلتۇزى

ئۇيغۇرلاردا مىللەتچىلىك تارىخى

2

2005

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



# ئالىم ئابدۇلھەمد يۇسۇف

دىن ۋە تىبابەت ساھەسىدە تونۇلغان ئالىم، مەشھۇر جامائەت ئەربابى ئابدۇلھەمد يۇسۇف 1924 - خوتەن شەھەر ئىچىدە دۇنياغا كەلگەن. 1950 - يىللارغا قەدەر خوتەن ۋە قەشقەر مەدرىسلىرىدە ئىلىم تەھسىل قىلغان.

1958 - يىلدىن تاكى 1976 - يىلغىچە كېرىيەدىكى جازا لاگېرىدا ئېغىر ئەمگەك ۋە ئاچلىق ئاستىدا 18 يىل "ئۆزگەرتىلگەن". 1978 - يىلى تۈركى تىللار دىۋانىنى تەرجىمە قىلىشقا قاتناشقان. 1977 - يىلدىن 1994 - يىلغىچە خوتەن ۋىلايەتلىك مىللىي شىپاخانىدا مۇدىر ۋىراچلىق ئالىي ئۇنۋانى بىلەن خىزمەت قىلغان.

1994 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 - كۈنى خوتەن ۋىلايەتلىك خەلق دوختۇرخانىسىدا زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈلگەن.

# مەرىپەت

پەسىللىك ئۇنىۋېرسال ژۇرنال

2005- يىل، ئاپرىل 2 – سان
(ئومۇمىي 5- سان )



## ئەسلىمە

ئەرەب دىياردا چاقنىغان ئۇيغۇر يۇلتۇزى.......... ئا. تۇران 2

## تارىختىن ساداتلار

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا
مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى.............. ھاجى ياقۇب ئانات 16

## ئاچچىق پاراڭلار

باشسىز گەۋدە...............كامىلجان 21
تەنقىدتىن نېمىشقا بۇنچە قورقىمىز........... ئا. قارلۇقىي 45

## ئەدەبىيات گۈلزارى

ياۋا كەپتەر(ھېكايە)..........نۇرمۇھەممەد ياسىن ئۆركىشى 24
ئىبىت سالامىڭنى ساباھ ئاق كۆكۈللەرگە(شېئىر).. مۆمىن ھەمرا 32
ئۇيغۇر بولغاندىن (شېئىر)........... ئابدۇشۇكۇر مۇھەممەد 32
ئۆزلۈكىڭنى قەدىرلە (شېئىرلار)............... مۇنەۋۋەر33

## بىلىۋېلىڭ

ئاتا- ئانىنى قاخشىتىش تۇزكورلۇق............ غەيرەت بۇغرا 13
مەسئۇلىيەتچانلىق........................ ئابدۇلئەزىز تۆمۈر 34
ئىلىمنىڭ ئەدەب- ئەخلاقلىرى.............. د.يۇسۇف قەرداۋى 37
ھەقىقىي ھايات ئىماندا.................ت. ئابلىكىم تۇرسۇن 39
ھىممەت غايىگە يېتىشنىڭ يولى..........ت. ئابلىكىم تۇرسۇن 42
ئىلىمسىز پەتىۋادىن ھەزەر ئەيلەك...........خالىد ئەششايىئ 47



باش تەھرىر :

ۋارىسجان ئىلياس

تەھرىرلەر:

ئابدۇلئەزىز تۆمۈر
قەييۇم نىياز


دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى ئۇيغۇر ئوقۇرمەنلىرىگە تارقىتىلىدۇ. شۇنىڭدەك بارلىق ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھەر خىل ژانىردا يېزىلغان ئەسەرلىرىنى ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى تەۋسىيە قىلىدۇ.


ئالاقىلىشىش ئادرېسىمىز:

Merifet1@hotmail.com

merifetjornili@hotmail.com

www.merifet.com



ژورنىلىمىزدا ئېلان قىلىنغان ئەسەرلەرنىڭ بارلىق مەسئۇلىيىتى ئاپتورلارغا ئائىت. ژورنال ھېچقانداق مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com











# ئەرەب دىيارىدا چاقنىغان ئۇيغۇر يۇلتۇزى

## مەرھۇم دوكتور ئابدۇقادىر تاشنى ئەسلەيمەن

ئابدۇلجېلىل تۇران

2004 - يىلى 4 - ئاپرېل كۈنى ئىسلام- ئەرەب دۇنياسى ئۈچۈن، جۈملىدىن ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن ئىنتايىن قايغۇلۇق بىر كۈن بولدى، يەنى بۇ كۈندە ئاتاقلىق ژۇرنالىست، يازغۇچى، مۇتەپەككۇر ئابدۇلقادىر تاش ۋاپات بولدى. مەرھۇم دوكتور ئابدۇلقادىر تاشنىڭ ۋاپات خەۋىرى ۋە ئۇنىڭ ۋاپاتىغا ئاتاپ يېزىلغان ماقالە، مەرسىيىلەر پۈتۈن ئەرەب مەتبۇئاتىدا خەۋەر قىلىندى [1].

1949 - يىلى شەرقىي تۈركىستان قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغاندىن كېيىن، نەچچە ئون مىڭلىغان ئۇيغۇر خەلقى تۈركۈم - تۈركۈملەپ چەتئەللەرگە قېچىپ چىقىپ، دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىگە يۇلتۇزلاردەك چېچىلىپ كەتتى. بۇ سەرگەردان ئۇيغۇرلاردىن سانسىزلىغان كىشىلەر دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا ئىز - دېرەكسىز ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا، ئاز بىر قىسمى ئازراق ئىقتىسادقا ئىگە بولۇپ، پۇلدارلارغا ئايلاندى. يەنە بىر بۆلۈكى ئىلمىي ۋە سىياسىي ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولدى. ۋەتەنسىزلىكتە، سەرگەردانلىق، يوقسۇللۇقتا ياشاپ ئۆتكەن ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىدىن كۆپلىگەن ئالىم - ئۆلىمالار، يازغۇچى شائىرلار، ئەدىبلەر، تارىخچىلار ۋە زىيالىلار يېتىشىپ چىقتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدىغان، ئىسلام ۋە ئەرەب ئەللىرىدە يۈكسەك شۆھرەتكە ئىگە يېگانە ئالىم — مەرھۇم دوكتور ئابدۇلقادىر تاشتۇر.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دانا ئۇستازى، ئىسلام مۇتەپەككۇرى، ئاتاقلىق ژۇرنالىست ئابدۇلقادىر تاش بىلەن تونۇجى قېتىم نەدە، قاچان كۆرۈشكەنلىكىم ئېنىق ئېسىمدە بولمىسىمۇ، ئىسمىنى 80 - يىللىرى

[1] بۇ ئەسلىمىنى يېزىشتا مېنى مۇھىم خەۋەر – ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەن دوستۇم، سەئۇدى ئەرەبىستا جىددە رادىئوسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ خادىمى ئابدۇلئەھەت ئەلى (گوش) غا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن — ئاپتور.

خوتەندىكى ۋاختىمدىلا ئاڭلىغان ئىدىم. ئەرەب دۇنياسىغا كەلگەندىن كېيىن — مىسىردا ئوقۇۋاتقان ۋاختىمدا خەت يېزىشقان ۋە داڭقىنى ئاڭلاپ، يازغان ئەسەرلىرىنى كۆرۈپ بۇ كىشىگە بولغان ھۆرمىتىم ھەسسىلەپ ئاشقان ئىدى.

ئابدۇلقادىر تاش ئەرەبىستان چۆللىكىدە، ئانا ۋەتىنىدىن يەتتە - سەككىز مىڭ كىلومېتىر يىراقلىقتا بىر ۋەتەنسىز كۆچمەن ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، ئەرەب مەدەنىيىتى ئاستىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن، ئۆزىنىڭ ئانا تىلىنى پىششىق ئۆگىنىش پۇرسىتىگە نائىل بولالمىغان بىر ئۇيغۇر زىيالىسى، ئامېرىكىدا ئوقۇپ دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن ئۇيغۇر ئالىمى ئىدى. مەرھۇم ئابدۇلقادىر تاش ئەرەبىستاندا تۇغۇلۇپ، ئامېرىكىدا ئوقۇپ يېتىشكەن بولسىمۇ ئۆز ئانا ۋەتىنىنى بىر مىنۇتمۇ ئۇنۇتمىغان دىن - دىيانەتلىك، تەقۋادار مۇسۇلمان، ئىنسانپەرۋەر، ۋەتەنپەرۋەر ئالىم ئىدى.

ئابدۇلقادىر تاش 1950 - يىلدىن بۇرۇن سەئۇدى ئەرەبىستانغا ھەجگە چىقىپ، ھەج پەرزىنى ئادا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ۋەتىنىنىڭ قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنىشى بىلەن ۋەتەنگە قايتالمىغان ياكى تۇركۇم - تۇركۇملەپ ۋەتەندىن قېچىپ چىققان نەچچە ئون مىڭلىغان ۋەتەنسىز سەرگەردان ئۇيغۇرلاردىن بىرى بولغان بىر ئۇيغۇر ئائىلىسىدە، 1951 - يىلى پۈتۈن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام دۇنياغا كەلگەن ۋە قۇرئان كەرىم نازىل بولغان، دۇنيا مۇسۇلمانلىرى كۈندە بەش قېتىم يۈزكەلتۈرىدىغان مۇقەددەس زېمىن — مەككە شەھرىگە 120 كىلو مېتىر يىراقلىقتا جايلاشقان تاغلىق رايون — تائىپ شەھرىدە دۇنياغا كەلگەن.

تائىپ — مەككىنىڭ شەرقىي جەنۇبىغا جايلاشقان شەھەر بولۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مەككىدە ئىسلامنى تەبلىغ قىلىشقا باشلاپ، توسقۇنلۇققا ئۇچرىغاندا بىر بۆلۈك ساھابىلەر بىلەن تائىپقا بارغان. ئۇ يەردە ئۇبدان قارشى ئېلىنماي مەككىگە قايتقان. مەككە پەتھى بولغاندىن كېيىن، تائىپ خەلقىمۇ مۇسۇلمان بولغان. تائىپ ۋە پۈتۈن ھىجاز ئۆلكىلىرى 1517 - يىلى ئوسمان ئىمپىراتورلىقى تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. تائىپ شەھرى سۈرگۈن ماكانى بولۇپ، كېيىنكى دەۋر ئوسمان ئىمپىراتورى ئەمەلدارلىرىدىن مىدھەد پاشا (1822 – 1891 - يىللار) تائىپقا سۈرگۈن قىلىنىپ مۇشۇ يەردە بوغۇپ ئۆلتۈرۈلگەن(2).

مەرھۇم ئابدۇلقادىر تاش قىيىن شارائىت ئاستىدا 1963 - يىلى باشلانغۇچ مەكتەپنى، 1969 – يىلى ئوتتۇرا مەكتەپنى تائىپتا پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1975 - يىلى ئەرەبىستاننىڭ پايتەختى رىياد شەھرىدىكى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئەرەب ئەدەبىياتى فاكولتېتىنى ئەلا دەرىجىدە تاماملاپ باكلاۋۇرلۇق ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن. 1979 - يىلى ئامېرىكىنىڭ ئوكلاخوما ئۇنىۋېرسىتېتىدا ژۇرنالىستلىق ساھەسى بويىچە ماگىستىرلىق ئۇنۋانىغا، 1983 - يىلى ئامېرىكا جەنۇبى ئىلىنوي ئۇنىۋېرسىتېتىدا دوكتورلۇق ئىلمىي ئۇنۋانىغا ئېرىشكەن.

1974 - 1979 - يىللىرى رىياد رادىئوسى بىلەن ھەمكارلىشىپ، پروگراما تەييارلاش، ئاڭلىتىش خىزمىتىنى ئىشلىگەن بولسا، 1979 - يىلدىن 1982 - يىلغىچە (دوكتورلۇق ئوقۇۋاتقان يىللىرىدا) شىمالى ئامېرىكا ئەرەب مۇسۇلمان ياشلار بىرلىكىنىڭ نەشرى ئەفكارى بولغان «ئەلئەمەل» ناملىق ژۇرنالىنىڭ باش مۇھەررىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

ئامېرىكىدىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، 1983 - يىلدىن 1990 - يىلغىچە رىياددىكى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخباراتچىلىق فاكولتېتىدا دەرس بەرگەن. بۇ ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ ئاخباراتچىلىق پاكولتېتىنى تەسىس قىلىشقا مەرھۇم دوكتور ئۆزى قاتناشقان.

مەرھۇم دوكتور قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى ئانا ۋەتىنىنى زىيارەت قىلىش ۋە ئۇيەردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىنىڭ ئەھۋالىنى ئۆگىنىش نىيىتى بىلەن 1983 - يىلى بىرىنچى بولۇپ شەرقىي تۈركىستانغا بارغان، شەرقىي تۈركىستاننىڭ پۈتۈن شەھەرلىرىنى ئايلىنىپ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە مول ماتېرىيال توپلاپ، خەۋەرلەرنى ئىگەللەپ كېلىپ گېزىتلەردە ئېلان قىلغان ئىدى.

1990 - يىلدىن باشلاپ «ئەددەئۋە» ژۇرنىلىنىڭ مۇئاۋىن باش تەھرىر ۋە باش تەھرىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

1990 - يىلدىن 1994- يىلغىچە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ تەتقىقات ۋە نەشرىيات شىركىتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان، بىردىنبىر ئىسلام دۇنياسىغا ۋەكىللىك قىلىدىغان ھەپتىلىك ۋە خەلقئارالىق گېزىت — «مۇسۇلمانلار» گېزىتىنىڭ باش تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن.

مەرھۇم دوكتۇر ئابدۇلقادىر تاش ئۆزىنىڭ ئۇيغۇر ئەۋلادى ئىكەنلىكىنى بىر كۈنمۇ ئۇنتۇپ قالغان ئەمەس، ئۇ «مۇسۇلمانلار» گېزىتىدە تەھرىرلىك قىلىش جەريانىدا گېزىتتە ھەر ھەپتە دېگۈدەك قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارغا مۇناسىۋەتلىك ماقالە ۋە خەۋەرلەرنى ئۈزۈلدۈرمەي يېزىپ نەشر قىلىپ،

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى



ئەرەب - ئىسلام دۇنياسىدا قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان ئۇيغۇر مەسىلىسىنىڭ تونۇلۇشىغا زور ھەسسە قوشقان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەن سىرتىدىكى پائالىيەتلىرىگىمۇ شەخسەن قاتنىشىپ، پىكىر، مەسلىھەت بېرىپ تۇرغان. ئۇ 1992 - يىلى ئىستانبۇلدا ئۆتكۈزۈلگەن «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى»غا قاتناشقان ۋە قۇرۇلتاي خەۋەرلىرىنى «مۇسۇلمانلار» گېزىتىدە ئېلان قىلىپ، قۇرۇلتايدىن پۈتۈن ئەرەب دۇنياسىنى خەۋەردار قىلغان. دوكتور تاش مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

«ئۆتكەن ھەپتە تۈركىيىنىڭ ئىستانبۇل شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى پائالىيەتلىرىگە قاتناشقانلىقىم ئۈچۈن خۇشاللىق ھېس قىلىمەن. ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك بولغان بۇ قۇرۇلتايدا، تۇنجى قېتىم دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن مۇسۇلمان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ۋەكىللىرى بىر يەرگە جەم بولدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ئىسلام جۇمھۇرىيەتلىرى، تۈركىيە، گېرمانىيە، ئاۋۇستىرالىيە، ئامېرىكىغا ئوخشاش ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان جەمئىيەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى بۇ يەرگە توپلاندى.

بۇ قۇرۇلتاينىڭ نەتىجىلىرى، بولۇپمۇ ۋەكىللەرنىڭ ۋە ئۆمەكلەرنىڭ بىر - بىرى بىلەن كۆرۈشۈپ، تونۇشۇپ، پىكىر ئالماشتۇرۇشى ئەلھەمدۇلىللاھ ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتلىك تارىخىي ۋەقەدۇر. 

بۇ قۇرۇلتاي زۇلۇم ۋە بېسىم ئاستىدا ئازاب چېكىۋاتقان ئاسارەتتىكى مۇسۇلمان شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاتتى ۋە مۇستەقىل بولۇش ئىرادىسىنى نامايەن قىلدى.

ئۆز ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلىتالمايۋاتقان شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ داۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلاتماق ئۈچۈن، خارىجى ئەللەردە، مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان تۈركىستانلىقلار بۇ قۇرۇلتايدا بىر يەرگە توپلىنىپ، چىن كوممۇنىستلىرىنىڭ ئاسارىتى ئاستىدا تىركىشىۋاتقان، تۆمۈر پەردە ئارقىسىدىكى قېرىنداشلىرىنىڭ ئاۋازىنى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىش ئۈچۈن غەيرەت كۆرسەتتى.

بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئىككىنچى نەتىجىسى شۇكى، قۇرۇلتاي بۈيۈك بىر تەشۋىقات پۇرسىتى بولدى. تۈركىيىنىڭ ھەرقايسى مەتبۇئات ئورگانلىرى ئالاھىدە، قىزغىن مۇئامىلە قىلدى ۋە قوللىدى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەققەتەن مەتبۇئاتقا زور ئېھتىياجى بار ئىدى ۋە بۇندىن كېيىنمۇ بولىدۇ. تۈركىيە، ئەرەب، ئىسلام ۋە دۇنيا مەتبۇئاتلىرىنىڭ چەكلىك مۇئامىلىسى تۈپەيلىدىن دۇنيا جامائەتچىلىكى بۇ قۇتلۇق داۋا ھەققىدە بەك ئاز چۈشەنچىگە ئىگە. بۇ قۇرۇلتايدا ئۇنۇتۇلغان شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن تۇنجى قەدەم تاشلاندى. بۇندىن كېيىن تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ۋە تېخىمۇ مۇستەھكەم قەدەم تاشلاپ بۇ داۋانى پۈتۈن دۇنياغا ئاڭلىتىشنى ئۈمىد قىلىمەن.

بۇ قۇرۇلتاينىڭ ئۈچىنچى نەتىجىسى شۇكى، قۇرۇلتاينىڭ ئۈچ كۈنلۈك خىزمەتلىرىدىن كېيىن، ئوتتۇرىغا چىققان خۇلاسىلىرىدۇر. ئۇنىڭ بىرى ئۆز ۋەتىنىنىڭ مەسىلىسى ھەققىدە بىرلىككە كېلىش ئۈچۈن مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستان جەمئىيەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرىنىڭ كۆرۈشۈپ بىرلىككە كېلىش پۇرسىتىگە ئېرىشكەنلىكى بولۇپ، يەنە بىرى تارىخىي ئەھمىيەتلىك قۇرۇلتاينىڭ ئورتاق خىتابنامىسى. قارارلىرى ۋە تەشەببۇسلىرىنىڭ بايان قىلىنىشىدۇر. بۇ بايانلارنىڭ ھازىرقى پەيتتىكى ھالدا چەكلىنىپ قالماستىن، كەلگۈسىدىكى ئىش ۋە پىكىرلەردە ئەمەلىيلەشمىكىدۇر. قۇرۇلتاي ئىشتىراكچىلىرىنىڭ ھەرقايسى دۆلەتلەردىكى جەمئىيەت ۋە تەشكىلاتلىرى پائالىيەتلىرىنى ئورتاق ۋە بىرلىك نىزامى ئىچىدە ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن بىر مىللىي بىرلىك تەشكىلاتىنى قۇرۇش ئارزۇسىغا ئاساسەن، ئەتراپلىق ئويلىشىپ بىر ئۆتكۈنچى مىللىي كونگرېس قۇردى ۋە ئۆتكۈنچى نىزامنامە ماقۇللىدى. قۇرۇلتاي ئىشتىراكچىلىرى مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن، ئىككىنچى قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىشى ۋە كونگرېس سايلىمى ئۆتكۈزۈپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ يەنىمۇ جىددى ۋە پائال ئېلىپ بېرىلىشى ئۈچۈن چاقىرىق قىلدى. مانا بۇلار قۇرۇلتاينىڭ ئۈمىد بېغىشلىغۇچى نەتىجىلىرىدۇر. ئەمما مەن شۇنى ئەسكەرتىشنى خالايمەنكى، تۈركىستان خەلقىنى دۈشمەن ئىشغالىيىتىدىن قۇتقۇزۇشنى مەخسەت قىلغان بۇ قۇتلۇق داۋانىڭ غەلىبىگە ئېرىشمىكى ئۈچۈن ئەڭ توغرا يول ئىسلامىيەتنىڭ كۆرسەتكىنىدەك، غازات يولىدۇر. ئەينى زاماندا مىللىي ۋە ۋەتەن شۇئارى ئىسلام پرىنسىپلىرىغا زىچ باغلانمىدى. ئىسلامىيەت شەرقىي تۈركىستان مىللىي داۋاسىنىڭ كۈچ مەنبەسىدۇر.

قۇتلۇق شەرقىي تۈركىستان داۋاسى ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلار ئەگەر بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە ھەمكارلىق ئارقىلىق بىرلىشىپ، بىر ئاۋاز بىلەن ئورتاق مەركەز ئاستىدا توپلانمىسا غەلىبىگە ئېرىشمەك مۇمكىن ئەمەستۇر.

تۈركىستان خەلقى ئىچىدە ھەققەتەن پىتنە پاسات، جېدەل -، ئىختىلاپ كېسەللىرىنى تۇشۇغۇچىلار بار. بۇ كېسەللەر بىزگە زىياندىن باشقا نەرسە كەلتۈرمەيدۇ. دوكتور ئابدۇللاھ ئۆمەر نەسىف قۇرۇلتايغا ئەۋەتكەن تەبرىك خېتىدە، «شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى بىرلىك، باراۋەرلىك ئاساسىدا ئاللاھنىڭ: «ھەممىمىز ئاللاھنىڭ يولىدا بىرلىشەيلى، ھەرگىز ئايرىلمايلى» دېگەن سۆزىنى ئېسىدە تۇتۇپ،

ئىتتىپاقلىشىشقا، ھەمكارلىشىشقا ۋە بىرلىكتە ھەرىكەت قىلىشقا چاقىردى. پۈتۈن شەرقىي تۈركىستان جەمئىيەتلىرى ۋە تەشكىلاتلىرى ئاللاھنىڭ بۇ ئەمرىنى رازىلىق ۋە ساداقەت بىلەن ئىجرا قىلىشى لازىم.

شەرقىي تۈركىستان خەلقى زۇلۇم ئاستىدا ئىڭراپ، بۇ زۇلۇمدىن قۇتۇلۇشنى كۈتۈۋاتقان، ئاۋازىنى دۇنياغا ئاڭلىتالمايۋاتقان، قارشىسىدا كۈچلۈك بىر دۈشمەن تۇرغان بۈگۈنكى ئەھۋالدا، بەزى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تار چۈشەنچىلەردىن، شەخسىي مەنپەئەتلەردىن، شۆھرەتپەرەسلىكتىن ۋە مەنسەپ تالاش ـ تارتىشلاردىن ۋاز كېچەلمەسلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەسمۇ؟

بۈگۈنكى ئەھۋالدا، تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۆز ئارا غەۋغالىشىشى، ئايرىمچىلىق قىلىشى، ھېچ ئىنساننىڭ ئەقلىگە سىغمايدۇ. بۇ ئىختىلاپ پەقەت دۈشمەنگە پايدىلىق بولۇپ، زىيان تارتىدىغىنى شەرقىي تۈركىستان خەلقى بولۇپ قالىدۇ. شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا تۇسالغۇ بولغۇچىلار جاۋابكار بولىدۇ ۋە ئېغىر جازاغا ئۇچرايدۇ. تۈركىستانلىقلارنىڭ ئۈمىدسىزلىنىشىنىڭ ھېچ ھاجىتى يوق. ئاللاھ بۈيۈكتۇر. ئەگەر چىن ۋە ئۇنىڭ زالىم سىياسىتى يىقىلمىسا، ئاللاھ ئۇنى يىقىتىدۇ. ئەينى زاماندا ھېچكىمنىڭ ئەقلىگە كەلمىگەن سوۋېتلەر بىرلىكىدە مەيدانغا كەلگەن ھادىسىگە ئوخشاش.

ئاللاھ بىز بىلەن بىللە، ھەقىقەت بىز بىلەن بىللە(3).

1980 ـ يىللاردىن كېيىن قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتى ئاستىدا 30 يىل ئىڭرىغان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە چەتئەللەرنى كۆرۈش ئىشىكى ئېچىلدى، شۇنىڭ بىلەن، ئازساندىكى ئۇيغۇر پەرزەنتلىرىنىڭ ئەرەب، ئىسلام ئەللىرىدە تەلىم ـ تەربىيە ئېلىشقا، ئىلىم تەھسىل قىلىشقا ئازراق پۇرسەت تۇغۇلدى. بىر بۆلۈك ئۇيغۇر ياشلىرى ئالدى بىلەن پاكىستاننىڭ ھەرقايسى شەھەرلىرىدىكى ئىلىم دەرگاھلىرىدا ئوقۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئۇيەردە ئوقۇيدىغانلارنىڭ سانىمۇ كۈنسېرى كۆپىيىشكە باشلىدى.

1984 ـ يىلى 12 ـ ئايدا رەھمەتلىك دادام مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇمنىڭ(4) تەشەببۇسى ۋە يېتەكلىشى بىلەن پاكىستاندىن 10 بالا ئۇزۇندىن بېرى نامىنى ئاڭلاپ كەلگەن ۋە ئەل ئەزھەر ئالى بىلىم يۇرتى جايلاشقان، مۇھەممەد ئابدۇھ(5) ، ھەسەنۇل بەننا(6) ، سەييىد قۇتۇبلاردەك(7) ئالەمشۇمۇل مۇتەپەككۇرلار يېتىشىپ چىققان قەدىمى مەدەنىيەتلىك دىيار — قاھىرە شەھىرىگە يېتىپ كەلدۇق.

قاھىرە ئافرىقىنىڭ شەرقىي شىمالىغا جايلاشقان مۇھىم تارىخىي شەھەر بولۇپ، تىجارەت، مەدەنىيەت ۋە ئىلىم مەركىزى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. قاھىرە بۈگۈنكى مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى. قاھىرە رىۋايەتلەردىكى نىل دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىگە جايلاشقان بولۇپ، پۈتۈن ئافرىقا ۋە ئەرەب دۇنياسى بويىچە نوپۇسى ئەڭ كۆپ شەھەردۇر.

قاھىرە 10 ـ ئەسىردە فاتىمىلەر تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغان. 1517 ـ يىلى قاھىرە جۈملىدىن مىسىرنىڭ پۈتۈن شەھەرلىرى ئوسمان ئىمپېرىيىسى تەرىپىدىن ئوسمان پادىشاھلىرىدىن سۇلتان سەلىم زامانىدا بويسۇندۇرۇلغان. 1798 ـ يىلى 1 ـ ناپالېيون قوماندانلىقىدىكى فرانسىيە لەشكەرلىرى قاھىرىنى ئىشغال قىلىپ، 1801 ـ يىلى فرانسىيە ئەسكەرلىرى ھەيدەپ چىقىرىلغان بولسىمۇ، بۇ ئۈچ يىل ئىچىدە ئوسمان ئىمپېرىيىسى ئۈچ يۈز يىل ئاسراپ كەلگەن مەدەنى مىراسلارنى ۋەيران قىلغان ياكى بۇلاپ كەتكەن.

قاھىرە 1882 ـ يىلى ئىنگلىزلەر تەرىپىدىن ئىشغال قىلىنغان بولۇپ، ئۇلارمۇ فرانسۇزلاردىن ئېشىپ قالغان مەدەنى يادىكارلىقلارنى ۋەيران قىلغان ياكى ئېلىپ كەتكەن.

غەربلىكلەر تەرىپىدىن ئارقا ـ ئارقىدىن تاجاۋۇزچىلىققا ئۇچرىغان قاھىرە 1922 ـ يىلى مۇستەقىل بولۇپ، مىسىر ئەرەب جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى بولغان. قاھىرە ھازىرمۇ سانائەت، تىجارەت، ساياھەت، ئىلىم ـ مائارىپ جەھەتلەردە ئافرىقا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

مىسىردا جۈملىدىن قاھىرىدە نۇرغۇنلىغان داڭلىق ئالى بىلىم يۇرتلىرى بولۇپ، بۇلاردىن قاھىرىدىكى «ئەل ئەزھەر ئالى بىلىم يۇرتى» كۆلىمىنىڭ چوڭلۇقى، تارىخىنىڭ ئۇزۇنلۇقى، ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ كۆپلىكى جەھەتتە دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ.

ئەزھەر پاتىمىلەرنىڭ مىسىرنى بويسۇندۇرغان باش قوماندانى جەۋھەر تەرىپىدىن 972 ـ يىلى مەسجىد ئۈچۈن سېلىنغان بولۇپ، كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ھەم مەسجىدلىك ھەم مەدرىسىلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن. ئوسمان پادىشاھلىرىمۇ ئەزھەرنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

19 – ۋە 20 – ئەسىرگە كەلگەندە ئەزھەر ئۇچقاندەك تەرەققى قىلىپ ھەم دىن ھەم پەن ئوقۇتىلىغان بۈگۈنكى ھالىغا كەلگەن(8).

قاھىرىگە كەلگەندىن كېيىن رەسمىيەتلەرنى پۈتتۈرۈپ، چىڭگىزخان داموللامدىن كېيىن(9) ، تۇنجى قېتىم مىسىر دىيارىغا قەدەم باسقان ئۇيغۇر تالىبلار بولۇش سالاھىيىتىمىز بىلەن، ئەلئەزھەر دارۇلفۇنۇنىدا دەرس باشلىدۇق. بىزدىن كېيىن، شەرقىي تۈركىستاننىڭ ھەرقايسى ۋىلايەتلىرىدىن 4

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com



- 5 تىن كەلگەن تالىبۇل ئىلملەرنىڭ سانى 90 - يىللىرىغا كەلگەندە 30 غا يېقىنلاشقان، بۇلاردىن ئەزھەرنىڭ ھەرقايسى فاكولتېتلىرىدا ئوقۇۋاتقان(10) ئەزھەرى تۇنجى قېتىم 1993 - يىلى ئوقۇش پۈتتۈرگەن. بۇلارنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا مەرھۇم ئابدۇلقادىر تاش ئاتىسى بىلەن ئالاھىدە كېلىپ، مىسىرلىق داڭلىق ئالىم - ئۆلىمالاردىن مەرھۇم مۇھەممەد غەزالى(10) ، ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتى ئىسلام تەتقىقاتى فاكولتېتىنىڭ مۇدىرى مەرھۇم دوكتۇر سەيىد رىزقتەتۋىل، «زەھرا» نەشرىياتىنىڭ مۇدىرى ئەھمەد رائىف قاتارلىق داڭلىق ئالىم ۋە مەشھۇر كىشىلەرنى تەكلىپ قىلىپ، كاتتا زىياپەت ئورۇنلاشتۇرۇپ، ھەشەمەتلىك ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، ئۇيغۇر ئەزھەرىيلەرگە زور ئىلھام ۋە مەدەت بەرگەن ئىدى. دوكتۇر تاش ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ داۋاملىق مىسىرغا كېلىپ، ئوقۇغۇچىلارنى يوقلاپ، ئۇلارنىڭ ياخشى ئوقۇشىغا زور ئىلھام ۋە مەدەت بېرىپ تۇرغان.

مەرھۇم دوكتور 1994 - يىلدىن 1998- يىلغىچە «ئەرەب خەۋەرلىرى» ناملىق ئىنگلىزچە كۈنلۈك گېزىتنىڭ باش تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئىشلىگەن. بۇ گېزىتتىمۇ داۋاملىق دېگۈدەك قىزىل خىتاي ئاسارىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە خەۋەر ۋە ماقالە يېزىپ تۇرغان بولۇپ، مەزكۇر گېزىتتە ئېلان قىلىنغان «ئاتوم رىقابىتىنىڭ گۇناھسىز قۇربانلىرى» سەرلەۋھىلىك ماقالىسىنى بۇ يەرگە قىستۇرۇپ ئۆتمەكچىمەن. دوكتور مۇنداق يازغان ئىدى:

«چىن ھۆكۈمىتى بۇ ئاينىڭ بېشىدا ئېلىپ بارغان يادرو قۇراللىرى سىنىقى بىلەن يېقىندا تۆت ئاي ئىچىدە ئىككىنچى قېتىملىق، ئومۇمى قىرىق بىرىنچى قېتىملىق ئاتوم يادرو سىنىقىنى ئۆتكۈزدى. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، خەلقئارانىڭ چىن ھۆكۈمىتىگە بەرگەن ئىنكاسى ھادىسىنى ئەيىبلەش بىلەنلا چەكلىنىپ قالدى. ئاتوم قۇرالىغا ئىگە بولغان كۆپلىگەن دۆلەتلەر ئۆزلىرىنىڭ يەر ئاستى ئاتوم سىنىقىنى چەكلىگەن بولسىمۇ، لېكىن بىرلا چىن ھۆكۈمىتى ھېچبىر ئىنكاسقا قۇلاق سالماي، ئۆزلىرىنىڭ سىناقلىرىنى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلماقتا. نۇرغۇن كىشىلەر بېيجىڭنىڭ ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بارغان رايوننىڭ شەرقىي تۈركىستان ئىكەنلىكىنى، بۇ يەردە مىليونلىغان مۇسۇلمان خەلقنىڭ ياشايدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. دېمەككى، قىرغىنچىلىق مەقسىتىدىكى بۇ ئاتوم يادرو سىنىقىنىڭ قۇربانلىرى بىگۇناھ مۇسۇلمانلاردۇر.

خەلقئارا ئىسلام ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ ئۆتكەن يىلى 22 - سېنتەبىر كۈنى ياۋروپا مەنبەلىرىنى ئاساس قىلىپ بەرگەن شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى خەۋىرىدە چىن بۇيىل يەنە شەرقىي تۈركىستاننىڭ لوپنۇر رايونىدا ئىككى قېتىم سىناق ئېلىپ بارماقچى. بۇ پەرەزلەر خەلقئارا ئاتوم قۇراللىرى تەتقىقات ۋە ئاخبارات مەركىزىنىڭ باش مۇدىرى پاترىكىيالۋىس تەرىپىدىنمۇ راسلىقى ئىسپاتلاندى. بۇ تەشكىلات خەلقئارادىكى ئاتوم يادرو قۇراللىرىنى يېقىندىن كۆزىتىدۇ. پاترىكىيانىڭ دېگىنىدەك، بېيجىڭ دائىرىلىرى ئۆتكەن 30 يىلدا قانداق قىلغان بولسا، بۇ يىلمۇ ئاتوم يادرو سىنىقى شۇ پېتى داۋام قىلىۋاتىدۇ.

خەلقئارا ئىسلامى ئاخبارات ئاگېنتلىقىنىڭ دوكلاتى مۇسۇلمانلار رايونىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان يادرو سىناقلىرىنىڭ ئاقىۋىتى ھەققىدە ئادەم چۆچۈگۈدەك پاكىتلارنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ سىناقلار نەتىجىسىدە ھازىرغىچە رادىئاكتىپ ماددىلارنىڭ تارقىلىشى بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا ئىككى يۈزمىڭدىن ئارتۇق كىشى ھاياتىدىن ئايرىلغان. ئاھالىنىڭ ئون پىرسەنتىنى تەشكىل قىلغان خەلق بۇ يەردە ئۆلۈمگە يول ئاچىدىغان راك ۋە باشقا كېسەللىكلەر بىلەن ئازابلانماقتا. نۇرغۇن بوۋاقلار مېيىپ تۇغۇلماقتا. ئاتوم سىناقلىرى نەتىجىسىدە ھاسىل بولغان رادىئاكتىپ ماددىلار سۇ مەنبەسى، دېھقانچىلىق مەيدانلىرىنى ئېغىر دەرىجىدە بۇلغىماقتا. دوكلاتتا يەنە ئۆتكەن يىلى بۇ رايوندىكى بىرقانچە يۈز يەرلىك خەلقنىڭ سىناق مەركىزىگە بېسىپ كىرىپ، نۇرغۇن ئەسلىھەلەرنى بۇزۇپ تاشلىغانلىقىنى خەۋەر قىلغان ئىدى.

شەرقىي تۈركىستاننىڭ قوشنىسى بولغان قازاقىستان جۇمھۇرىيىتىمۇ چىن ھۆكۈمىتىنىڭ يېقىندا ئېلىپ بارغان يادرو سىنىقىنى قاتتىق ئەيىبلەپ، چىن ھۆكۈمىتىنى ئاتموسفېرانىڭ بۇلغىنىشى ۋە خەلق سالامەتلىكىنىڭ تەسىرگە ئۇچرىشىغا كۆز يۇمغان دەپ ئەيىبلىدى. قازاقىستان ئاتوم سىنىقى ئېلىپ بېرىلىۋاتقان لوپنۇر رايونى ئۆزىگە قوشنا بولغىنى ئۈچۈن بۇ مەسىلىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئاتوم رىقابىتى خەلقئارالىق بىر ئاپەت بولۇپ، ئۇنىڭ زەھەرلىشىدىن ھېچ بىر يەر قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ. خەلقئارا تەشكىلاتلار ۋە ئاتوم قۇرالىغا ئىگە كۈچلۈك دۆلەتلەر بۇ ئاپەتلىك قۇرال رىقابىتىنى كونترول قىلىش ئۈچۈن، سىياسى سەھنىلەردە نۇرغۇن تىرىشچانلىق كۆرسەتكەن بولسىمۇ، نەتىجىدە ھېچبىر ھەل قىلغۇچ ئۇسۇل ئوتتۇرىغا چىقمىدى. بىراق بىز بۇنىڭ ئىنسانىيەت مەسىلىسى ئىكەنلىكىنى ئۇنۇتماسلىقىمىز كېرەك.

خەلقئارا ئىنسانى تەشكىلاتلار ھەرقانداق دۆلەت ۋە جايدا بۇ خىل يەر ئاستى ۋە ياكى يەر ئۈستى ئاتوم قۇراللىرى سىنىقىنى توختىتىش ئۈچۈن ئاۋازىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرۈشى لازىم.

لوپنۇر ۋە باشقا يەرلەردىكى ئاتوم قۇراللىرى سىنىقىدىن زىيانغا ئۇچراۋاتقان بىگۇناھ قۇربانلارغا ئىلغار دۇنيا تېخىمۇ كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك. بۇ ئىنسانلارنىڭ ھەق ۋە ھوقۇقى ئىت ۋە مۈشۈكلەردىن تېخىمۇ مۇھىم.

بۇ نوقتىدا ھەركىم مەن بىلەن ئوخشاش پىكىردە دەپ ئويلايمەن(11).

مەرھۇم دوكتور پەقەت ژۇرنالىستلىق ۋە يېزىقچىلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، 1998- يىلى «ئىقرەئ» ناملىق ئىسلامى تېلېۋىزور قانىلىنى تەسىس قىلىشقا قانىشىپ، تېلېۋىزور پروگراممىسى تەييارلاش، سۆھبەت ئۇيۇشتۇرۇش، باشقا پروگراممىلارغا رىياسەتچىلىك قىلىش جەھەتلەردە ئالاھىدە خىزمەت قىلغان ئىدى.

دوكتور ئابدۇلقادىر تاش مەيلى گېزىت - ژۇرناللارغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان ۋاقىتلىرىدا بولسۇن، مەيلى باشقا ۋاقىتلاردا بولسۇن قىزىل خىتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئىستېلا قىلىنغان شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ئەمەس. شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنىڭ بىر كۈنى چوقۇم ھەل بولىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى ۋە باشقىلارنىمۇ شۇنىڭغا ئىشىنىشكە، بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە كۈرەش قىلىشقا تەشەببۇس قىلاتتى.

1998 - يىلى 11 - ئاينىڭ 12 ۋە 15 - كۈنلىرى تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئەنقەرە شەھىرىدە دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ بىرىنچى ئورگىنى — 2 - نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن ئۇيغۇر ياشلىرىنىڭ ۋە تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن داغدۇغۇلۇق ئۆتكۈزۈلدى.

بۇ قۇرۇلتايغا مەرھۇم دوكتۇرنىڭ 80 ياشلىق دادىسى ۋە ئىككى ئىنىسى سەئۇدى ئەرەبىستاندىن ئەنقەرەگە كېلىپ مېھمان سۈپىتىدە قۇرۇلتايغا باشتىن ئاخىر قاتناشتى. مەرھۇم دوكتور بۇ قۇرۇلتايغا قاتنىشالمىغانلىق ئۆزرىسىنى بىلدۈرگەن ۋە مۇنداق دەپ تەبرىكنامە يازغان ئىدى:

«ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمەتۇللاھى ۋەبەرەكاتۇھۇ!

ئالدى بىلەن ئۇلۇغ ئىككى ھەرەم زېمىنىدا، ئاللاھنىڭ كەبىسى يېنىدا ياشاۋاتقان ۋەتەنداشلار نامىدىن سىلەرگە سالام يوللايمەن.

قۇرۇلتاينىڭ غەلىبىلىك ئېچىلىشى ۋە تەرەققىياتى ئۈچۈن دۇئا قىلىمىز.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتنىشىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلىگەن بولسام چەكسىز خۇرسەن بولاتتىم. بەزى

مەجبۇرىيەتلەرنى ئادا ئەيلەش ۋەجىدىن ئۆزرە ئېيتىشقا مەجبۇر بولغىنىم ئۈچۈن ئەپسۇسلىنىمەن.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە «ئاللاھنىڭ ئاغامچىسىغا ئېسىلىڭلار، ئۆز ئارا تەپرىقىۋازلىق قىلىشماڭلار» دېگەن ھەمدە «ئى مۆمىنلەر، سىلەر ھەرگىز مەيۇسلەنمەڭلار، مۆمىنلەرگە غەلىبە ئاتا قىلىمەن» دەپ ۋەدە بەرگەن.

ئاللاھ تەئالا ھەرگىزمۇ ئۆز ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلمايدۇ. بىزگە ھامان بىر كۈنى مۇۋەپپەقىيەت نېسىپ ئېتىدۇ. لېكىن بۇ غەلىبىنى قولغا كەلتۈرىشىمىز ئۈچۈن بىز ئۆز ئارا ئىتتىپاق بولىشىمىز، قەلبىمىزنى ئىسلام نۇرى بىلەن بېزىشىمىز، ئۆز شەخسىيىتىمىزدىن ۋازكېچىشىمىز، ئاللاھ رىزاسىنى كۆزلىشىمىز كېرەك.

بىزگە ئاللاھتىن باشقا يار - يۆلەك يوق. ئاللاھنىڭ ئاغامچىسىغا ئېسىلماي ھېچ ئىشىمىز رۇناق تاپمايدۇ ۋە غەلىبىگە ئېرىشمەيدۇ.

ئاخىرىدا ۋەتەن داۋاسى يولىغا بارلىقىنى ئاتىغان مۇجاھىدلىرىمىزغا ئاللاھتىن رەھمەت تىلەپ، كۈرىشىمىزنىڭ تېزراق غەلىبىگە ئېرىشىشىنى ئۈمىد قىلىپ قېرىنداشلار: ئابدۇلقادىر تاش»

(1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 10 - كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستان)(12)

2000 - يىلىدىن كېيىن «ئەلمەدىنە» گېزىتىنىڭ قوشۇمچە ئىسلامي بېتىنى تەسىس قىلىش ۋە ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلىش مەسئۇلىيىتىنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش بىلەن بىرگە، «ئەررىسالە» ناملىق دىنىي ژۇرنالنىڭ تۇنجى لايىھەسىنى ئوتتۇرىغا قويغان ھەم ئۇزى تەھرىرلىك ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

2001 - 2002 - يىللىرى دۇنيا ئىسلام بىرلىكى تەشكىلاتىنىڭ ئاخباراتچىلىق ۋە ئاممىۋى مۇناسىۋەت ئىدارىسىنىڭ ۋە قۇرۇلتايلار ئۇيۇشتۇرۇش بۆلۈمىنىڭ مۇدىرى، ئەينى ۋاقىتتا «ئىسلام دۇنياسى» گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى بولۇپ خىزمەت قىلىش بىلەن بىرگە، قوشۇمچە «ئەلبىلاد» ناملىق ئەرەبچە كۈندىلىك گېزىتىنىڭ باش تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن.

2002 - يىلىدىن 2003 - يىلىغىچە سودا تېخنىكومى ئىلمي مۇدىرىنىڭ ياردەمچىسى سۈپىتىدە خىزمەت قىلغان.

2003 - يىلىدىن ۋاپات بولغان كۈنگە قەدەر بىر تەرەپتىن ئۇزى تەسىس قىلغان «ئاخبارات تەتقىقاتى ۋە مەسلىھەت ئىدارىسى»نىڭ رەئىسى ۋە ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ مۇدىرلىق خىزمىتىنى ئۆتەش بىلەن بىرگە، يەنە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىر تەرەپتىن جىددە شەھەرلىك ھۆكۈمەت تەرىپىدىن نەشر قىلىنىدىغان «جىددە» ژۇرنىلىنىڭ باش تەھرىرلىك خىزمىتىنى ئۆتىگەن.

دوكتور ئابدۇلقادىر تاش ژۇرنالىستلىق، ئاخباراتچىلىق، ئالىي مەكتەپلەردە ماجىستىرلىق، دوكتورلۇق ئوقۇغۇچىلارغا دەرس بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ دىسسېرتاتسىيە ماقالىلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش، دىسسېرتاتسىيە ماقالىلىرىنى مۇھاكىمە قىلىشقا رىياسەتچىلىك قىلغانلىقى سىرتىدا، ئۇ ئىسلام مۇتەپەككۇرى ۋە مۇسۇلمان يازغۇچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، «مۇسۇلمان شەرقىي تۈركىستان ۋەئۇنىڭ ئۇنۇتۇلغان ئاھالىسى» 1999 - يىلى نەشر قىلىنغان)، «سوۋېت ئىتتىپاقىدىكى مۇسۇلمانلار» (1991 - يىل)، «ئافغانىستان — پاجىئە ۋە ئۈمىد» (1988 — يىل نەشرى)، «ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مۇسۇلمانلار ۋە ئىسلامنىڭ رولى» (1991 - يىل)، «دەۋەت يولىغا بىر نەزەر» (1989 - يىل)، «غەرب ئاخباراتىدا ئىسلامنىڭ رولى»، «ئاخبارات تەتقىقاتى» (1989 - يىلى نەشرقىلىنغان)، «ئامېرىكا ۋە ئىسلام — كېلىشىپ ئۆتۈش كېرەكمۇ؟ ياكى توقۇنۇشۇپمۇ؟» (1993 - يىلى نەشر قىلىنغان)، «ھۆرمىتىمىز مۇسۇلمان بولغانلىقىمىزدا» (1994 - يىلى نەشر قىلىنغان)، «ئاخبارات ۋە ئىسلام ئالەمىنىڭ رېئال مەسىلىلىرى» (1995 - يىل نەشرى)، «ئاخبارات ۋە مەدەنىيەتنىڭ غەربلىشىشى» 1991 - يىل نەشرى)، «سۈنئىي ھەمراغا دائىر ئاخبارات نەزەرىيىسى» (نەشر قىلىنمىغان) قاتارلىق كىتابلارنى يېزىپ بىر تەرەپتىن مۇستەملىكە ئاستىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ دەرت - ئەلەملىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرغان بولسا، يەنە بىر تەرەپتىن، ئاخباراتچىلىق ئىشلىرىنىڭ ئىسلامىيلىشىشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بەرگەن.

مەرھۇمنىڭ ئەرەب دۇنياسىدا جۈملىدىن پۈتۈن دۇنيادا نەشر قىلىنىدىغان ئەرەبچە، ئىنگلىزچە گېزىت - ژۇرناللاردا ھەمدە لوندوننى مەركەزقىلغان، 38 دۆلەتتە بىرلا ۋاقىتتا نەشر قىلىنىدىغان «ئوتتۇرا شەرق» ناملىق ئەرەبچە گېزىت، قاھىرەدە چىقىدىغان «ئەلئەھرام» گېزىتى، سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ «ئەلجەزىرە»، «ئەلمەدىنە»، «ئەلبىلاد»، «ئۇككاز»، «ئەلۋەتەن» قاتارلىق ئەرەبچە ۋە «ئەرەب خەۋەرلىرى» ناملىق ئىنگلىزچە گېزىتلەردە ھەمدە «دەۋەت»، «مۇسۇلمانلار»، «جەمئىيەت»، «يەمامە»، «ھەج» ۋە «ئاخباراتچىلىق» قاتارلىق ژۇرناللاردا ئۆزلۈكسىز ھالدا ھەرتۈرلۈك ماقالىلار ۋە ئوخشاش بولمىغان تېمىلاردىكى ماقالىلىرى ئۆزلۈمەي ئېلان قىلىنىپ تۇراتتى.

1985- يىلىدىن 1999 - يىلىغىچە 14 يىل ئىچىدە سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ تېلېۋىزورى 1- قانىلىدا «ئىسلام ژۇرنىلى» ناملىق ھەپتىلىك پروگراممىنى ئۆزى تەييارلاپ، ئۆزى سۇناتتى.

1993 - يىلىدىن 1997 - يىلىغىچە بولغان تۆت يىل ئىچىدە «ئەرەب خەۋەرلىرى» ناملىق ئىنگلىزچە گېزىتتە «توغرىدىن توغرا سۆزلە» ماۋزۇلۇق ھەپتىلىك ماقالىسى ئۈزلۈكسىز داۋام قىلغان.

1994- يىلىدىن 2001 - يىلىغىچە بولغان 7 يىل جەرياندا «ئەلمەدىنە» گېزىتى بىلەن «ئەلبىلاد» گېزىتىنىڭ كۈنلۈك ستون ماقالىسىنى يازغان.

2000 - يىلى سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى ۋەتەنپەرۋەر ھەمشەھەرلىرىمىز بىرلىشىپ، ئاجايىپ دەبدەبە بىلەن، "شائىر" ۋە "مىللەتچى"ئەخمەتجان ئوسماننى مەخسۇس سۈرىيەدىن تەكلىپ قىلىپ، ئۇنىڭغا سەككىزمىڭ دوللاردىن ئارتۇق مائاش بېرىپ، ئاران بىر سان چىقارغان ئەرەبچە «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى ۋە پىلان - لايىھەلىرىنى دوكتور تاش ئۆزى مىننەتسىز قىلىپ بەرگەن ئىدى.

2002 - يىلىدىن ئېتىبارەن «ئۇكاز» گېزىتىنىڭ ستونلىرىدا ھەپتىلىك ماقالىسىنى يېزىشقا، 2003 - يىلىدىن كېيىن «ئەلۋەتەن» گېزىتىنىڭ پىكىر ۋە كۆز قاراشلار بېتىدە ئىزچىل ھالدا پىكىرلىرىنى بايان قىلىشقا باشلىغان.

1997 - 2001 - يىللىرى «ئىقرەئ» تېلېۋىزور قانىلىدىكى ۋەقەلىكلەر ئۈستىدە تەھلىللەر ناملىق ھەپتىلىك پروگراممىسىغا ئۆزى رىياسەتچىلىك قىلغان.

سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ رىياد رادىئوسىدا ئۇنىڭ ئۆزى تەييارلاپ، ئۆزى سۇنىدىغان بىرنەچچە تۈرلۈك ھەپتىلىك پروگراممىلىرى بار ئىدى.

ئۇ مۇسۇلمان مۇتەپەككۇرلار سۆھبەت يىغىنلىرىدا ئالاھىدە ئىمتىيازغا ئىگە بولغىنى ئۈچۈن چەتئەل رادىئو، تېلېۋىزورلىرى ھەر دائىم ئۇنىڭ بىلەن ھەرخىل تېمىلار ئۈستىدە بىۋاستە سۆھبەت ئۆتكۈزۈپ تۇراتتى.

مەرھۇم دوكتور تونۇلغان ژۇرنالىست بولۇش سۈپىتى بىلەن سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پادىشاھ، ۋەزىر ۋە شاھزادىلىرى بىلەن كۆرۈشكەنىنى سىرتىدا پاكىستان دۆلەت باشلىقى بىنەزىر بۇتتو، سۇدان دۆلەت باشلىقى ئۆمەرىل بەشىر، مىسىر دۆلەت ئەمەلدارلىرىدىن ئەمر مۇسا، ئەلئەزھەر ئالىي بىلىم يۇرتىنىڭ شەيخى ئىمام جادۇلھەق، مىسىر ھۆكۈمىتى ئىچكى ئىشلار مىنىستىرى ئابدۇلھەلىم مۇسا، ئامېرىكا ۋە مۇسۇلمانلار ئالاقىلىشىش ئىدارىسىنىڭ ئىجرائىيە

كومىتېتى رەئىسى نىھاد ئىۋەز ۋە ئافغانىستان ئىسلام پارتىيىسى رەئىسى ئابدۇرەسۇل سەيياپ قاتارلىق ئەمەلدارلار بىلەن كۆرۈشكەن ۋە سۆھبەت ئۆتكۈزگەن.

ئۇنىڭ ئاخىرقى ئارزۇسى «ئىستىقبال» ناملىق خەلقئارالىق ئۇنىۋىرسال گېزىت چىقىرىشتىن ئىبارەت ئىدى. «ئىستىقبال» گېزىتىنىڭ مەرگىزىنى مىسىر پايتەختى قاھىرىگە قۇرغان ۋە ۋاپاتىدىن بىر ئاي بۇرۇن تەجرىبە ئۈچۈن 2 سانىنى نەشىردىن چىقىرىپ سىناپ كۆرگەن بولسىمۇ ئۇنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۇنىڭ ئۆمرى قىسقا كەلدى. ئۇ «ئىستىقبال» گېزىتى ھەققىدە توختىلىپ مۇنداق دېگەن ئىدى:

ئىستىقبال گېزىتى بىزنىڭ جىددىدىيكى «ئاخباراتچىلىق تەتقىقات مەرگىزى» دىن چىقىدىغان ھەپتىلىك گېزىت بولۇپ، ئۇ تەرەپسىزلىك ۋە ئوتتۇراھاللىقنى ئاساس قىلغۇچى، مۇتەئەسسىپلىكتىن تولىمۇ يىراق، ئەركىن، ئازادە پىكىر قىلىش ۋە ھەرخىل پايدىلىق پىكىر ۋە كۆز قاراشلارنى نەشىر قىلىش مۇنبىرىدىن ئىبارەت بولىدۇ. گېزىتنىڭ ئاساسلىق غايىسى ئىسلام ئۇممىتىنىڭ ئىچكى ئىختىلاپلىرىغا ئارىلاشماستىن، ھېچ قايسى بىر تەرەپكە مايىل بولماستىن، تەرەپسىز ھالدا ئۇنىڭ يىراق ئىستىقبالىغا نەزەر سېلىش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىشتىن ئىبارەت.

دوكتور تاش سەئۇدى ئەرەبىستانىنىڭ بىرنەچچە ئۇنىۋىرسىتېتلىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن ژۇرنالىستلىق ۋە ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە ماجىستىرلىق ۋە دوكتورلۇق ئۇنۋانى ئېلىش ئۈچۈن تەييارلانغان ئىلمى ماقالىلەرنى مۇھاكىمە قىلىش يىغىنلىرىغا رىياسەتچىلىك قىلغانىنىڭ سىرتىدا بىرقانچە ئۇنىۋىرسىتېتلاردا ئۆتكۈزۈلگەن ژۇرنالىستلىق ۋە ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە ئىلمى ئۇنۋانلارنى ئۆستۇرۇش مۇھاكىمە يىغىنلىرىدا ھاكىملىق ۋەزىپىسىنى ئۆتىگەن.

20 دىن ئارتۇق دۆلەتتە ئۆتكۈزۈلگەن يۈزلەرچە قۇرۇلتايلارغا، ئىسلامى ۋەئىلمى مۇھاكىمە يىغىنلىرىغا قاتنىشىپ ئۆزىنىڭ قىممەتلىك پىكىر - كۆز قاراشلىرىنى بايان قىلغان.

يۇقىرىقى پائالىيەتلەردىن باشقا مەرھۇم دوكتور ئابدۇلقادىر تاش يېقىندىلا تەسىس قىلىنغان «سەئۇدى ئەرەبىستان كىشىلىك ھوقۇقى تەشكىلاتى»نىڭ، مەككە مۇكەررىمە رايۇنى «تەلىم - تەربىيە ھەيئىتى»نىڭ، دۇبەيدىكى «ئەرەب ئاخباراتچىلىق جەمئىيىتى»نىڭ، ئىسلام دۇنيا بىرلىكى تەشكىلاتى «خەلقئارالىق ئىسلامى تەلىم - تەربىيە ھەيئىتى»نىڭ، «جىددە شەھەرلىك ھۆكۈمەت كېڭەش ھەيئىتى»نىڭ، «سەئۇدى ئەرەبىستان مەدەنى يادىگارلىقلار كېڭەش ھەيئىتى»نىڭ، «خەلقئارالىق ئىسلام ئاخباراتچىلىقى ھەيئىتى» قاتارلىق تەشكىلات ۋە جەمئىيەتلەرنىڭ ئەزاسى ئىدى.

مەرھۇم دوكتور ئابدۇلقادىر تاش ئاز ياشىغان، ئەمما ساز ياشىغان كىشىدۇر. «ئالىم بولماق ئاسان، ئادەم بولماق تەس» دېيىلىدۇ. دوكتور تاش ھەم ئالىم بولغان ھەم ئادەم بولغان كىشى ئىدى.

مەرھۇم دوكتور ئابدۇلقادىر تاش بىر ئۇيغۇر ئەۋلادى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى جۇڭگو ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، رەسمى ۋەزىپىسىنىڭ ئىنتايىن كۆپلىكى ۋە ئىشىنىڭ بەكمۇ ئالدىراش بولۇشىغا قارىماي، خىتاي ھاكىمىيىتى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئۆزى مەسئۇل بولۇپ چىقىرىۋاتقان گېزىتلەرگە ماقالە يېزىپ، شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى پائالىيەتلەرگە شەخسەن قاتنىشىپ كەلگەن ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ئىسلامى پرىنسىپ ئىچىدە ئېلىپ بېرىشىنى تەشەببۇس قىلغان ۋە بۇ مۇقەددەس داۋادىن نۇرغۇن ئارزۇ ئۈمىدلەرنى كۈتۈپ كەلگەن بولسىمۇ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسى بىلەن مەشغۇل بولىۋاتقان ۋە مەلۇم ئورۇنلارنى چاڭگىلىغا كىرگۈزۈۋالغان «داھىيلار»نىڭ دىنسىزلىقى، ھارامخورلىقى، ھاراقكەشلىكى، پارىخورلىقى، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ئۆزلىرىنىڭ قورسىقىنى تويغۇزۇش ۋە شەھۋانى نەپسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن ئالەت قىلىۋالغانلىقىنى، بەزى تەشكىلات رەھبەرلىرىنىڭ ئىشخانىسىغا «ئاكىسى بارسا پوتمەيدىغان ئىش سىڭلىسى بارسا ھەل بولىدىغان، ئەركىشى كىرسە تەتۈر قارىغان باشلىق خوتۇن كىشى كىرسە دەس تۇرىدىغان»(13) ھالغا كېلىپ قالغانلىقىنى، چەتئەللەردە بېشىغا ئېغىر كۈن چۈشكەن ئۇيغۇرلارغا ياردەم قىلغان شەخسلەرگە رەھمەت ئېيتىشنىڭ ئورنىغا، ئۇكىشىنىڭ ئۈستىدىن شەرقىي تۈركىستاننى ئازات قىلماقچى بولغان بەزى تەشكىلاتلار شىكايەتنامە يېزىپ، چېقىمچىلىق قىلىدىغانلىقىنى، بىر تەشكىلات چىقارغان كىتاب - ژۇرناللارنى باشقا تەشكىلاتنىڭ يىغىن ۋە يىغىلىشلىرىدا تارقىتىشقا رۇخسەت قىلمايدىغانلىقىنى، بىر تەشكىلاتنىڭ چىقارغان ژۇرنىلىنىڭ ۋاراقلىرىنى باشقا يۈندىكەشلەرنىڭ يىرتىپ تاشلايدىغانلىقىنى، بىرسىنىڭ قان - تەر بەدىلىگە تەييارلىغان ئىلمي ئەمگىكىنىڭ پاتېنت ھوقۇقىنى دەپسەندە قىلىپ، كىتاب باستۇرۇپ تارقاتقان «ساخاۋەتچىلەر»نىڭ رىياكارلىقىنى، بىرسىنىڭ زور ئارزۇ ئۈمىد بىلەن مىڭ مۇشەققەتتە يېزىپ باستۇرغان كىتابىنى يەنە بىرسىنىڭ مەشكە سېلىپ كۆيدۈرۈپ كۈلگە ئايلاندۇرىدىغانلىقىنى،

www.uyghurkitap.com



شەرقىي تۈركىستان داۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقانلاردىن مەيلى مىللەتچىلەرنىڭ، مەيلى ئىسلامچىلارنىڭ، ھەتتا شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى مەلۇم جەھەتتىن كونترول قىلىپ كېلىۋاتقان ئەربابلارنىڭمۇ سەممىي ئەمەسلىكىنى، پىلان، ۋەدىنى كۆپ قىلىپ، ئىشنى ئاز قىلىدىغانلىقىنى، داھىلارنىڭ ھوقۇق تالىشىش، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا مەنپەئەت تالىشىشتىن كېلىپ چىققان تۈگىمەس – پۈتمەس جېدەل ماجىرالىرىنى، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلار مەسىلىسىگە يېقىندىن كۆڭۈل بۆلۈپ كېلىۋاتقان بىر بۆلۈك «بايۋەتچىلەر»نىڭ جۇڭگو ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقى، قىزىل ئىمپېرىيالىزمنىڭ زۇلمى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئازاتلىقى ئۈچۈن جان كەتسىمۇ مەيلى، قان كەتسىمۇ مەيلى، پەقەت پۇل كەتمىسە، دېيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، كېيىنكى كۈنلەرگە كەلگەندە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدىكى سىياسىي پائالىيەتلەرگە ئانچە قىزىقمايدىغان بولۇپ قالغان بولسىمۇ، يەنىلا ئۈستىگە يۈكلەنگەن ۋەزىپىلەرنى (گەرچە بىر يەردىن شەرقىي تۈركىستانغا خىزمەت قىلغانلىقى ئۈچۈن بىر تىيىن ئاقچە ئالمىسىمۇ) ئۇرۇنلاشقا تىرىشىپ، كۈچىنىڭ يېتىشىچە، قولىدىن كېلىشىچە خىزمەت قىلىپ كەلگەن ئىدى. 

ئۇ ئانا ۋەتىنى شەرقى تۈركىستان ھەققىدە كۆپ ماقالىلار ئېلان قىلغان بولۇپ، خىتاي ئەلچىخانىسى ۋە كونسۇلخانىلىرىنىڭ سەئۇدى ئەرەبىستان ئاخباراتچىلىق مىنىستىرلىكىگە كۆپ قېتىم ئەرز سۇنۇشى ۋە دىپلوماتىيە مىنىستىرلىكى ئارقىلىق نارازىلىق بىلدۈرۈشى بىلەن، ئاخباراتچىلىق مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئىنگىلىزچە گېزىتلەردە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ماقالە ئېلان قىلماسلىق ھەققىدە كۆپ قېتىم ئاگاھلاندۇرۇش تاپشۇرۇۋالغان بولسىمۇ يەنىلا باشقا ئىسىملار بىلەن داۋاملىق يېزىپ تۇرغان.

ئۇ بىر نەچچە قېتىم سەئۇدى ئەرەبىستان گېزىتلىرىگە سەئۇدى ئەرەبىستاندا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ قىيىنچىلىقلىرىنى تەپسىلى يېزىش ئارقىلىق، ھۆكۈمەتنىڭ مەزكۇر قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىپ بېرىشىنى ئىلتىماس قىلغان.

مەرھۇم ھەرقانچە ئالدىراش بولغان زامانىدىمۇ يۇرتداشلىرى يېنىغا كىرىپ قالسا ئۇنىڭغا ئالاھىدە ھۆرمەت بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ ئىززىتىنى قىلاتتى ۋە گەپ - سۆزىنى زەن قويۇپ ئاڭلايتتى. يۇرتداشلىرىغا قولىدىن كېلىشىچە ياردەمچى بولاتتى. ئۇرغۇنلىغان ھەمشەھەرلەرنىڭ ئىقامەت مەسىلىسى ۋە باشقا كۆپلىگەن قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلغان ئىدى.

يۇرتتىن كەلگەن ھاجىلارغا نۇتۇق سۆزلىسە، سىلەر ئوت ئىچىدە ياشاۋاتقان، ئىسلام دىنىنى ئېغىز چىشىڭلاردا چىشلەپ قوغداۋاتقان ئاللاھنىڭ شەرەپلىك بەندىلىرى، سىلەرنىڭ بىر ۋاقىت ئوقۇغان نامىزىڭلار باشقا ئەركىن دۇنيادىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئون ۋاقىت ئوقۇغان نامىزىغا باراۋەر كېلىدۇ. سىلەرنىڭ بىر ھەجىڭلار باشقىلارنىڭ 70 ھەجىگە باراۋەر كېلىدۇ. سىلەر سەۋرلىك بولۇڭلار؟ ھەرگىز ئاللاھنىڭ رەھمىتىدىن ئۈمىدسىز بولماڭلار، دەپ سۆزلەيتتى.

يۇرتداشلار يېغىلغان سورۇنلارغا بېرىپ قالسا، بىز ۋەتىنىمىز ئۈچۈن ئۇزاقنى كۆزلىگەن، پىلانلىق ھالدا ئىش كۆرۈشىمىز، ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىز لازىم، بىز ئۈمىدسىزلەنسەك ھەرگىز بولمايدۇ، دەيتتى.

دوكتور ئابدۇلقادىر تاش تەقۋادار مۇسۇلمان بولۇپ، ھەر جۈمە كۈنى بالىلىرى بىلەن بىرگە ئولتۇرۇپ قۇرئان ئوقۇيتتى، ئۇندىن كېيىن بالىلىرىغا دىنىي ۋەز - نەسىھەت قىلاتتى. بۇ ئادەت ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنىگىچە داۋام قىلغان بولۇپ، ئۇ ۋەسىيەت قىلغاندىمۇ شۇ ئادەتنى داۋاملاشتۇرۇشنى جاكارلىغان. ئۇ ئاللاھتىن ھەقىقى قورقىدىغان، راسچىل مۇسۇلمان، ئالى پەزىلەتلىك كىشى ئىدى.

ئابدۇلقادىر تاش 2004 - يىلى 4 - ئاپرېل كۈنى كەچتە راك كېسىلى بىلەن ۋاپات بولدى. 2004 - يىلى 5 - ئاپرېل كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ پۈتۈن گېزىتلىرى، باشقا ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ نوپۇزلۇق گېزىتلىرى، «ئىسلام دۇنياسى ئۆزىنىڭ قىممەتلىك پەرزەنتى دوكتور ئابدۇلقادىر تاشتىن ئايرىلدى»، «دوكتور تاشنىڭ ۋاپاتى ئەرەب ئاخباراتىغا ئېغىر قايغۇ ئېلىپ كەلدى»، «ئاخباراتچى، مۇتەپەككۇر دوكتور تاش ئالەمدىن ئۆتتى»، دېگەندەك دوكتورنىڭ ۋاپات خەۋىرى، ھاياتىنى تونۇشتۇرۇپ يازغان ماقالە، ئەسلىمە ۋە مەرسىيەلەر بىلەن توشۇپ كەتتى.

دوكتورنىڭ ۋاپات خەۋىرى تارقالغاندىن كېيىن، سەئۇدى ئەرەبىستان مۇئاۋىن ئاخبارات مىنىستىرى شاھزادە تۈركى سۇلتان ئابدۇلئەزىز: ئاخبارت مەيدانىدا كۆپلىگەن يېڭىلىقلار يارىتىش بىلەن زور تۆھپە قوشقان چوڭ يازغۇچىمىزدىن ئايرىلدۇق. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن خىزمەتلىرى مەڭگۈ ئۇنتۇلمايدۇ، دېسە، سەئۇدى ئەرەبىستان پادىشالىقى كېڭەش ھەيئىتىنىڭ ئەزاسى ۋە ئەرەب ژۇرنىلىنىڭ باش تەھرىرى ئۇستاز ھەمد ئەلقازى: ھازىرقى پەيتتە ئىسلام دۇنياسى مەرھۇم دوكتورغا ئوخشاش كەڭ مەلۇماتلىق، چوڭقۇر پىكىرلىك مۇتەپەككۇرلارغا بەكمۇ مۇھتاج ئىدى. دوكتورنى يوقىتىش بىز ئۈچۈن ۋە پۈتۈن ئىسلام دۇنياسى ئۈچۈن چوڭ يوقىتىش ۋە بەك چوڭ زىيان ھېسابلىنىدۇ.

ئاللاھ ئۇنىڭ ياتقان يېرىنى ئەڭ يۇقىرى مەرتىۋىلىك جەننەتتىن قىلغاي، ئامىن، دېدى.

ئىقتىساد گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى ئۇستاز خالىد سۇھەيل: مەرھۇم دوكتور مېنىڭ ئەڭ قەدىرلىك ئۇستازىم بولغىنىدەك باشقا كۆپلىگەن ژۇرنالىست ۋە ئاخباراتچىلارنىڭمۇ ئۇستازى ئىدى. ئۇ رىياددىكى ئىمام مۇھەممەد ئىبنى سەئۇد ئىسلام ئۇنىۋېرسىتېتى ئاخباراتچىلىق پاكولتېتىنىڭ مۇدىرى ۋە ئۇستازى بولۇپ تۇرغان مەزگىلدە ئوقۇش پۈتتۈرگەن ئوقۇغۇچىلارنىڭ كۆپىنچىسى يازغۇچىلار ياكى ئاخباراتچىلاردۇر. ئۇنىڭ ھاياتىنىڭ ھەر بىر باسقۇچى باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشتىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇنىڭ تۇرغان تۇرقىنىڭ ئۆزى بىر مەكتەپ ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئىشلىگەنلەر ئۆزلىرى ھېس قىلمىغان ھالدا ئۇنىڭدىن كۆپ نەرسىلەرنى ئۆگىنەتتى. ئۇ قول ئاستىدا ئىشلىگەنلەرگىمۇ شۇنداق ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى. نەچچە ئون يىللىق خىزمەت تارىخىدا بىرەر ئىنسانغا ئۈنلۈك ئاۋازدا تۇۋلىغانلىقىنى ھېچ كىشى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل خىزمەت قىلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولغانلار، ھەر دائىم ئۇنىڭ بىلەن خىزمەت قىلىشنى ئارزۇ قىلاتتى، دەيدۇ.

«ئەلمەدىنە» گېزىتىنىڭ باش تەھرىرى دوكتور پەھد ئەقران: مەرھۇم دوكتور ئاخباراتچىلىق ساھەسىدە مىسلى تېپىلمايدىغان، كۆزگە كۆرۈنگەن، تەجرىبىلىك ئالىم ئىدى. ئۇ بولسا ژۇرنالىستلىق ۋە ئاخباراتچىلىقنى چىن قەلبىدىن سۆيگەن، ئۆز خىزمىتىنى قەدىرلەيدىغان، ۋەتىنىگە، خەلقىگە ھەقىقىي ئىخلاسمەن ئىنسان ئىدى. ئۇ ئاخباراتچىلىق ساھەسىگە كۆپ تۆھپە قوشۇش بىلەن بىرگە ۋەتىنىمىز ئۈچۈن سۆزلەپ تۈگەتكۈسىز دەرىجىدە كۆپ خىزمەت قىلدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى تۈپەيلى پۈتۈن يازغۇچىلار، بارلىق سەئۇدى ئەرەبىستان مەسئۇللىرى ئۆزلىرىنى مۇسىبەتدار ھېساپلايدۇ، دېدى.

«ئەلمەدىنە» گېزىتىنىڭ تەھرىر ھەيئەت مۇدىرى ئۇستاز ئابدۇلئەزىز مۇھەممەد قاسىم: مەرھۇم دوكتور مېنى ۋە ماڭا ئوخشاش يۈزلەرچە ژۇرنالىست ۋە ئاخباراتچىلارنى يېتىشتۈرگەن چوڭ ئۇستاز ئىدى. گەرچە ئۇنىڭ ئاخباراتچىلىق ۋە ژۇرنالىستلىققا قوشقان تۆھپىلىرى سان - ساناقسىز بولسىمۇ لېكىن ئۇنىڭ پىكرى جەھەتتە قوشقان تۆھپىسىمۇ ئاز ئەمەس. ئۇ ھاياتىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدىمۇ قىلچە بوشاشماي «باشقىلارنىڭ تەنقىد پىكرىنى قوبۇل قىلىش» دېگەن تېما ئاستىدا بىر نەچچە ماقالە ئېلان قىلغان ئىدى. ئۇ ھەر ئىنسان تەنقىدنى دادىل قوبۇل قىلىشى كېرەك. چۈنكى تەنقىد ئۆز ئۆزىدىن ھېساپ ئېلىشقا يول ئاچىدۇ. ئۆز ئۆزىدىن ھېساپ ئېلىش مۇۋەپپىقىيەتكە ئېلىپ بارىدۇ، دەيتتى.

يازغۇچى ھەلىمە مۇزەففەر خانىم مۇنداق يازىدۇ: مەرھۇم دوكتور بىز كۈنلۈك ھاياتىمىزدا ئۇچرىتىدىغان نورمال ئىنسانلاردىن ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ پىكىر قىلىش ئۇسۇلى، ئالىي پەزىلەتلىك ئەخلاقى ئۇنى باشقىلاردىن پەرقلەندۈرۈپ تۇراتتى. ئۇ بىزگە ھاياتى گۈزەللىك بىلەن تولغان، مۇتەئەسسىپلىكتىن يىراق ھالدا مۆتىدىل پىكىر قىلغۇچى، كۈچلۈك ئىرادىلىك، ئالىي ھىممەتلىك ۋە كۆپ يىراقلارنى كۆرەلەيدىغان، پاك قەلبلىك بىر ئىنساننىڭ سىمۋۇلىنى قالدۇرۇپ كەتتى. بىز ئۇنىڭ ھاياتىنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىشىمىز لازىم.

«ئەلبىلاد» ژۇرنالىستلىق ۋە ئاخباراتچىلىق شىركىتىنىڭ سابىق مۇدىرى ئابدۇلئەزىز ھەنەفى: دوكتور ئابدۇلقادىرنىڭ ژۇرنالىستلىق ۋە ئاخباراتچىلىق ساھەلىرىدە كۆرسەتكەن سان - ساناقسىز خىزمەتلىرى ئالدىدا ئۆزىمىزنى ئۇنىڭ قەرزدارلىرى ھېس قىلماقتىمىز. گەرچە بىز ئۇنىڭ قىلغانلىرىنىڭ ھەققىنى ئادا قىلىشتىن ئاجىز بولساقمۇ تۆۋەندىكىچە 3 تۈرلۈك تەلىۋىمىزنى مۇناسىۋەتلىك مەسئۇللارنىڭ دىققىتىگە سۇنىمەن:

بىرىنچى ئۇنىڭ يېزىپ قالدۇرغان ماقالىلىرى، نۇتۇقلىرى ۋە باشقا ئەسەرلىرىنى توپلاپ، تەتقىقاتچىلار ۋە نەشرىياتچىلارنىڭ پايدىلىنىشىغا تەقدىم قىلىنىشى؛

ئىككىنچى «دوكتور ئابدۇلقادىر تاش مېدالى» ناملىق مېدال تەييارلاپ، ھەر يىلى ئاخباراتچىلىق ۋە ژۇرنالىستلىق ساھەسىدە ئالاھىدە نەتىجە قازانغانلارغا تەقدىم قىلىنىشى؛

ئۈچىنچى مەرھۇم دوكتورنىڭ جىددە شەھىرىنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدىغان، جىددە ئاشىقلىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن جىددە شەھىرىگە تەقدىم قىلغان خىزمەتلىرىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، جىددە شەھەر يوللىرىدىن بىرىنىڭ ئىسمىنى ئۇنىڭ ئىسمىغا ئۆزگەرتىلىشىنى، ئىلتىماس قىلىمەن، دېگەن.

دوكتور ئابدۇلقادىر تاش 2004 - يىلى 4 - ئاينىڭ 4 - كۈنى ئالەمدىن ئۆتتى، بۈگۈن مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىغا بىر يىل بولدى، بىز مەرھۇمنى چەكسىز سېغىنىش بىلەن قايغۇ ئىچىدە ئەسلەيمىز ۋە مەرھۇمغا ئاللاھتىن كاتتا مەغپىرەت ۋە رەھمەت تىلەيمىز، ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلغاي، ئامىن!!!

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



## ئىزاھاتلار

(1) بۇ ئەسلىمىنى يېزىشتا مېنى مۇھىم خەۋەر – ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلىگەن دوستۇم، سەئۇدى ئەرەبىستان جىددە رادىئوسى ئۇيغۇرچە ئاڭلىتىش بۆلۈمىنىڭ خادىمى ئابدۇلئەھەت ئەلى (گوش) غا كۆپ رەھمەت ئېيتىمەن — ئاپتور.

(2) مەدەنىيەت ۋە تارىخ ئىنسىكلوپېدىيىسى «تائىپ ماددىسى»، «يېڭى ئۇپۇق» گېزىتى نەشرىياتى 2004 يىل ئىستانبۇل تۈركچە نەشرى.

(3) بۇ ماقالە ئەينى زاماندا «مۇسۇلمانلار» گېزىتىدە نەشر قىلىنغان بولۇپ، بىز «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىدا نەشر قىلىنغان ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدىن كۆچۈرۈپ ئالدۇق.

(4) مۇھەممەد ئابدۇللاھ مەخسۇم، جاللات ياقۇپ بېگ بەدۆلەت تەرىپىدىن شەھىد قىلىنغان خوتەن پادىشاھى مۇپتى ھەبىبۇللاھ ھاجىمىنىڭ يۇرتى ئاتچۇي (خوتەن ئىلچى شەھرىنىڭ 9 كىلومېتىر غەربىگە جايلاشقان) كەنتىدە، 1924 – يىلى دۇنياغا كەلگەن. 1959 - يىلىغا قەدەر خوتەن، غاغىلىق، قەشقەرلەردە ئوقۇغان. 1969 – 1971 – ۋە 1974 – 1976 - يىللىرى ئىككى قېتىم تۈرمىدە ياتقان. 1980 - يىللارنىڭ ئالدى - كەينىدە خوتەندە ئىسلامى ئويغىنىش ھەرىكىتىگە ئاساس سالغۇچى مەرھۇم ئابدۇلئەزىز قاراجىم، مەرھۇم ئابدۇلۋەلى ھاجى، مەرھۇم ئابدۇللاھ قارىم، مەرھۇم مۇھەممەد قۇربان داموللا ھاجىم، مەرھۇم ئابدۇللاھ قارى داموللا ھاجىم قاتارلىق ئالىملار بىلەن بىرگە بولغان. 1983 - يىلى ھەج قىلىش نىيىتى بىلەن چەتئەلگە چىقىپ پاكىستان، سەئۇدى ئەرەبىستان، مىسىر، تۈركىيە قاتارلىق ئەرەب، ئىسلام ئەللىرىدە زىيارەتتە بولغان. 1985 - 1988 - يىللىرى خوتەندە ئۆز ئۆيىدە نەچچە ئونلىغان تالىبلارغا دەرس بەرگەن ۋە جامائەت ئىشلىرىغا ئارىلاشقان. 10 يىلدىن ئارتۇق كېسەل تارتىپ، 1998 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 – كۈنى (ھىجرى 1419 – يىلى رامىزاننىڭ 3 - كۈنى)كېچىدە ۋاپات بولۇپ، شۇكۈنى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن يۇرتى — ئاتچۇي مازارلىقىغا ئاتا – ئانىسىنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىنغان.

(5) مۇھەممەد ئابدۇھ 1849 – يىلى مىسىرنىڭ بىر يېزىسىدا يوقىرى تەبىقە ئائىلىدە دۇنياغا كەلگەن. ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن قاھىرىگە كېلىپ ئەزھەردە ئوقۇغان ۋە ئىسلام مۇتەپەككۇرى جامالىددىن ئافغانى (1838 – 1897 – يىللار) بىلەن كۆرۈشۈپ ئۇنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى شاگىرتى بولۇپ قالغان. كېيىن سۈرىيىگە سۈرگۈن قىلىنغان، ئافغانى بىلەن پارىژغا بېرىپ، «ئۇرۋەتىل ۋۇسقا» ناملىق گېزىت چىقارغان.

كېيىن پادىشاھنىڭ كەچۈرلىكى بىلەن مىسىرغا قايتىپ كەلگەن. 1899 - يىلى مىسىرنىڭ دۆلەت مۇپتىسى بولغان. مۇھەممەد ئابدۇھ ئەزھەردە قۇرئان كەرىمنى تەپسىر قىلغان ۋە نۇرغۇن پەتۋا بەرگەن. مۇھەممەد ئابدۇھنىڭ پۈتۈن ئەسەرلىرى دوكتور مۇھەممەد ئەمارە تەرىپىدىن رەتلىنىپ «مۇھەممەد ئابدۇھ ئەسەرلىرى» نەشر قىلىنغان.

(6) ھەسەنۇل بەننا 20 - ئەسىر مىسىر سىياسىي تارىخىدىكى ئەڭ مۇھىم كىشى بولۇپ، 1906 – يىلى 10 ئاينىڭ 14 – كۈنى دۇنياغا كەلگەن. 1927 – يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دارۇل ئۇلۇم پاكولتېتىنى مۇۋەپپىقىيەتلىك تاماملىغان. 1928 – يىلى «مۇسۇلمان قېرىنداشلار تەشكىلاتى»نى قۇرغان. 1949 – يىلى 2 – ئاينىڭ 12 – كۈنى سۈيقەست بىلەن قاھىرىدە شەھىد قىلىنغان.

(7) سەييىد قۇتۇپ 1906 - يىلى 10 - ئاينىڭ 9 - كۈنى دۇنياغا كەلگەن. 1933 - يىلى قاھىرە ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ دارىلئۇلۇم پاكولتېتىنى تاماملىغان. 1948- يىلى مىسىر مائارىپ مىنىستىرلىكى تەرىپىدىن ئامېرىكىغا ئەۋەتىلىپ، ئامېرىكىدا ئىككى يىل تۇرغان... 1954 - يىلى قولغا ئېلىنىپ، 10 يىل تۈرمىدە ياتقان. 1965- يىلى قايتا قولغا ئېلىنىپ، 1966 - يىلى 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى ئابدۇل ناسىر ھاكىمىيىتى ئاستىدىكى مىسىر ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن ئەرەب – ئىسلام دۇنياسىنىڭ نارازىلىقىغا پەرۋا قىلماستىن دارغا ئېسىپ، شەھىد قىلىنغان.



(8) مەدەنىيەت ۋە تارىخ ئىنسىكلوپېدىيىسى «ئەزھەر ماددىسى»، «يېڭى ئۇپۇق» گېزىتى نەشرىياتى 2004 يىل ئىستانبۇل تۈركچە نەشرى.

(9) چىڭگىزخان داموللامنىڭ ئەسلى ئىسمى ئابدۇل ئەزىز ئاشۇر بولۇپ، 1912 – يىلى 1 – ئايدا بۇگۇرنىڭ يېڭىسار يېزىسىدا ئاشۇر داموللا ھاجى دېگەن دىنى زات ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. باشلانغۇچ دىنى مەلۇماتنى بۇگۇر ۋە كۇچاردا ئالغان. 1932 - يىلىدىن 1934 - يىلىغىچە قەشقەر خانلىق مەدرىسىسىدە ئوقۇپ، داموللام دېگەن ئۇنۋاننى ئالغان. كېيىن ھىندىستان، مەككە، مىسىر قاتارلىق جايلاردىكى ئالى بىلىم يۇرتلىرىدا داۋاملىق ئوقۇغان. مىسىرنىڭ ئىسلام دۇنياسىغا مەشھۇر بولغان ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، ئوقۇتقۇچى بولغاندىمۇ ئالاھىدە ئوقۇغۇچى بولغان.

ئابدۇلئەزىز ئاشۇر مانا مۇشۇ ئىسلامىيەت دۇنياسى بويىچە ئەڭ مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېت — ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى ۋاقتىدا ئىلتىماس قىلىپ، مىسىر پادىشاھىنىڭ ئالاھىدە رۇخسىتى بىلەن، دىنىي ئالىملارنىڭ خەلقئارالىق مۇنازىرىسىگە قاتنىشىپ، مۇنازىرىدە ئۈستۈنلۈك قازانغانلىقى ئۈچۈن، مىسىر پادىشاھى فارۇق ئۇنى «سەن ئىلىم دۇنياسىنى بويسۇندۇرغان چىڭگىزخان ئىكەنسەن» دەپ ئالاھىدە ماختىغان. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ «چىڭگىزخان» دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان.

چىڭگىزخان داموللام 1947 - يىلى 1 – ئايدا ئۈرۈمچىگە قايتىپ كەلگەن. 1949 – يىلى 9 – ئايدا مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئەيسا ئەپەندىلەر بىلەن چەتئەلگە يولغا چىقىپ، بۇلاردىن بىر قىسمى چېگرىدىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ يەنە بىر قىسمى ئۆتەلمەي قالغان.

چىڭگىزخان داموللام 1950 - يىلى قولغا ئېلىنىپ، 1952 - يىلى پۈتۈن ئۇيغۇر خەلقىگە زور ۋە ئۇنتۇلغۇسىز بالايىئاپەت ئېلىپ كەلگەن قىزىل خىتاي كوممۇنىست ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن ئۈرۈمچىدە ئېتىپ ئۆلتۈرۈلگەن. (تەپسىلى مەلۇمات ئۈچۈن، مىرەھمەت سېيىت، ياڭقۇن روزىلار يازغان، 1997 – يىلى ئۈرۈمچىدە نەشر قىلىنغان «مۇھەممەد ئەلى ئەپەندى» ناملىق كىتابنىڭ 98 - 100 - بەتلىرىگە قاراڭ).

(10) ئىسلام مۇتەپەككۇرى ۋە دەۋەتچىسى شەيخ مۇھەممەد غەزالى 1917 – يىلى 9 – ئاينىڭ 22 كۈنى مىسىرنىڭ بۇھەيرە كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن. 1937 - ئەزھەر ئالى بىلىم يۇرتىنىڭ ئۇسۇلىددىن پاكولتېتىنى پۈتتۈرگەن. ئۇندىن كېيىن ھەم ئوقۇش ھەم تەبلىغ ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىمام، خاتىپ ۋە ۋائىزلىق قىلغان. سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ مەككە شەھرىدىكى «ئۇممۇل قۇرا ئۇنىۋېرسىتېتى»دا، قاتار دۆلىتىنىڭ شەرىئەت فاكولتېتلىرىدا ئۇستازلىق قىلغان. 1996 - يىلى 3 - ئاينىڭ 9 - كۈنى سەئۇدى ئەرەبىستاننىڭ رىياد شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق بىر يىغىندا سۆزلەۋېتىپ، يۈرىكى ھەرىكەتتىن توختاپ، مەدىنىدىكى «بەقىئ» قەبرىستانلىقىغا دەپنە قىلىنغان.

(11) بۇ ماقالە «ئەرەب خەۋەرلىرى» گېزىتىنىڭ 1994 – يىلى 30 – ئۆكتەبىر سانىدا ئېلان قىلىنغان بولۇپ، بىز «شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى» ژۇرنىلىدىن كۆچۈرۈپ ئالدۇق.

(12) ئىككىنچى نۆۋەتلىك دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيى ھۆججەتلىرى 26 – 27 – بەتلەر.

(13) «بۇلاق» ژۇرنىلى 2001 – يىل 5 - سان، 102 – بەت.

# ئاتا- ئانىنى قاخشىتىش - ئۆزىگە زۇلۇم



غەيرەت بۇغرا

ۋەدىمىز بويىچە ئىسلامدا مەنئىي قىلىنغان ناچار قىلىقلار ۋە يامان ئادەتلەرنى بايان قىلىشنى داۋاملاشتۇرىمىز. ئۇنىڭ بىرى دەل ئاتا - ئانىنى قاخشىتىش ۋە ياخشىلىقنى ئۇنتۇپ يامانلىق قىلىشتۇر.

ئىسلام – كىشىلەرنى قەدىرلەشكە، باشقىلاردىن كۆرگەن ياخشىلىققا ئۇنىڭدىنمۇ ياخشىراق جاۋاب قايتۇرۇشقا، ھەق ئىگىلىرىنىڭ ھەقلىرىنى جايىدا ئادا قىلىشقا چاقىرىدۇ. مۇسۇلمانلارنى ياخشى ئىستىل، گۈزەل ئەخلاقلار بىلەن تەربىيلەيدۇ. ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ﴿ياخشىلىقنىڭ ياخشىلىقتىن باشقا مۇكاپاتى بولامدۇ؟!﴾ دېگەن. [ئەررەھمان سۈرىسى، 60- ئايەت]

تۇنجى بولۇپ، ئىنساننىڭ ئادا قىلىشى ۋە تونۇپ يېتىشى مۇھىم بولغان ئەڭ كاتتا، ئۇلۇغ ھەقلەرنىڭ بىرى ئاللاھ تائالانىڭ ھەققىدۇر. ئۇنىڭدىن قالسىلا ئاتا - ئانىنىڭ ھەققىدۇر. چۈنكى ئىنساننىڭ يوقلۇق ئالەمدىن مەۋجۇدلۇق ئالەمگە كۆز ئېچىشىغا دەل ئاتا - ئانا سەۋەبچى بولىدۇ. ئىنسان چوڭ بولۇپ، ئۆز كۈچىگە تايانغۇدەك ھالەتكە كەلگۈچە ئاتا - ئانا ئۇنى مىڭ بىر جاپا – مۇشەققەتلەر بىلەن باقىدۇ. ئانىسى ئۇنى ئون ئاي قورسىقىدا كۆتۈرۈپ يۈرۈشتىن باشقا يەنە ئۆلۈم بىلەن جەڭ قىلىپ، قىلىنىڭ ئۈستىدە تۇغىدۇ. ئۇندىن كېيىن ئېمىسىق سۈتىنى ئەمدۈرۈپ، بالىنىڭ راھىتى ئۈچۈن ئۆز راھەتلىرىدىن كېچىدۇ. ئاتىسى بولسا، ئانا بىلەن بالىنى تېخىمۇ ياخشىراق بېقىش يولىدا كېچە - كۈندۈز ئەمگەك قىلىدۇ. ئۇنىڭ تۈرلۈك ئېھتىياجلىرىنى قامداش ۋە ئوقۇتۇپ قاتارغا قوشۇش ئۈچۈن، يىللارچە ساناپ تۈگەتكۈسىز جاپا - مۇشەققەتلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزىدۇ. يىغىپ ئېيتقاندا، ئاتا - ئانا پۈتۈن ھاياتىنى بالىسى ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ. ئۇلار بۇ پىداكارلىقلىرى بەدىلىگە بالىسىدىن ھېچنەرسە كۈتمەيدۇ. بالىنى بېقىش يولىدا تارتقان دەرت - ئەلەملىرىدىن دادلىمايدۇ، زېرىكىپ قالمايدۇ. دۇنيادا ئاتا - ئانىدىن باشقا كىممۇ بۇنداق مىننەتسىز ياخشىلىق قىلالىسۇن؟ ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئاتا - ئانىنىڭ بالىنى دەپ تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرىنى ئەسلىتىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئىنساننى ئاتا- ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئانىسى ئۇنى قورسىقىدا ئاجىزلىق ئۈستىگە ئاجىزلىق بىلەن كۆتۈردى. ئىككى يىلدا ئۇنى ئەمچەكتىن ئايرىدى. ئى ئىنسان ماڭا ۋە ئاتا - ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جاي مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.» [لۇقمان سۈرىسى،14- ئايەت]

«بىز ئىنساننى ئاتا - ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇدۇق. ئىنساننى ئانىسى جاپا- مۇشەققەت بىلەن قورساق كۆتۈرۈپ، مۇشەققەت بىلەن تۇغدى. ئۇنىڭغا قورساق كۆتۈرۈش مۇددىتى ۋە ئۇنى سۈتتىن ئايرىش مۇددىتى 30 ئايدۇر.» [ئەھقاف سۈرىسى، 15-ئايەت]

ئۆلىمالار بۇ ئايەتلەردە نېمە ئۈچۈن پەقەت ئانىنىڭلا تارتقان جاپا - مۇشەققەتلىرى تىلغا ئېلىنغانلىقىنىڭ ھېكمىتىنى مۇنداق بايان قىلىدۇ: «بالا ئاتىسىنىڭ قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرەلەيدۇ. ئەمما ئانىسىنىڭ تارتقان جاپا- مۇشەققەتلىرىنى كۆرۈپ يېتەلمەيدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا بۇ ئايەتتە ئالدى بىلەن ئاتا- ئانىغا بىردەك ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرىغاندىن كېيىن، ئاندىن ئانىنىڭ قورساق كۆتۈرۈش، تۇغۇش ۋە ئېمىتىش جەريانىدا تارتقان قىيىنچىلىقلىرىنى تەسۋىرلەپ بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئىنسانلار ئۇنۇتقان بەلكى ئويلاپمۇ باقمىغان بۇ ھەقىقەتلەر ئىنساننىڭ كۆڭلىدە ئاتا- ئانىسىغا ياخشىلىق قىلىش ھېسسىياتىنى قوزغايدۇ. ئايەتلەرنى ھەر بىر ئوقۇغاندا بۇ خىل ھېس قايتىدىن جانلىنىشقا باشلايدۇ.»

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمدە ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ قانداقتۇر قىلسىمۇ بولىدىغان، قىلمىسىمۇ بولىدىغان ئىختىيارى ئىش ئەمەس، بەلكى ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرى ئىكەنلىكىنى، تەرك ئېتىشكە بولمايدىغان پەرز ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: «پەرۋەردىگارىڭ پەقەت ئۇنىڭ ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىشىڭلارنى، ۋە ئاتا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



ئاناڭلارغا ياخشىلىق قىلىشىڭلارنى ئەمرى قىلدى، ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ يېنىڭدا بولۇپ، ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا "ئۇ – ھوي!" دېمىگىن (يەنى مالالىقنى بىلدۈرىدىغان شۇنچىلىك سۆزنىمۇ قىلمىغىن)، ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن، ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن. ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن قاناتلىرىڭنى يايغىن ۋە «ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن» دەپ دۇئا قىلغىن.» [ئىسرا سۈرىسى، 23، 24– ئايەتلەر]

ئايەتتە، ئاللاھ تائالا پەقەت ئۆزىگىلا ئىبادەت قىلىپ، باشقا ھېچ نەرسىنى شېرىك كەلتۈرمەسلىك ھۆكمىگە ئاتا– ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىمۇ قوشۇپ ئەمرى قىلدى. بۇ دەل ئاتا– ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى، ئاتا– ئانىنى قاخشىتىشنىڭ خۇددى ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرگەندەك چوڭ گۇناھ ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەيدۇ. جانابى رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەتتە چوڭ گۇناھنى تىلغا ئالغان ھەدىسىدە مۇشۇ ھەقتە توختىلىپ: «ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا - ئانىنى قاخشىتىش ...» دەپ كۆرسەتكەن. يەنە بىر ئايەتتە ئاللاھ تائالا ئۆزىگە شۈكۈر قىلىش بىلەن ئاتا - ئانىغا شۈكۈر قىلىشنى بىرلەشتۈرۈپ تىلغا ئېلىپ: «ئى ئىنسان ماڭا ۋە ئاتا - ئاناڭغا شۈكۈر قىلغىن، ئاخىر قايتىدىغان جايىڭ مېنىڭ دەرگاھىمدۇر.» دېگەن. [لوقمان سۈرىسى، 14- ئايەتنىڭ بىر قىسمى]



ئىنسان ياشانغانسېرى كۆڭلى ئىنچىكە، ئاسان رەنجىيدىغان بولۇپ قالىدۇ. شۇڭا ئاللاھ تائالا ئايەتتە بۇنىڭغا ئالاھىدە ئىشارەت قىلىپ: «ئۇلارنىڭ بىرى، يا ئىككىلىسى سېنىڭ يېنىڭدا بولۇپ ياشىنىپ قالسا، ئۇلارغا "ئۇ – ھوي!" دېمىگىن» دەپ كۆرسەتتى. يەنى، «ئاتا - ئانا كۆپ نەرسىلەرنى تەلەپ قىلىدىغان ياكى ھەممە ئىشقا ئارىلىشىۋالىدىغان بولۇپ قالغان چاغلاردا ئۇلارنىڭ يۈزىدىن - يۈزىگە "ئۇ – ھوي! تولىمۇ ئارىلىشىۋالدىڭىز" ياكى "ئۇ – ھوي! ئەجەپ دەردىڭىز تۈگىمىدى" دېگەندەك، سۆزلەرنى قىلمىغىن. چۈنكى بۇ ئاددى سۆزلەر ياشىنىپ قالغان ئاتا– ئانىغا قاتتىق تېگىپ كۆڭلىنى ئاغرىتىدۇ.» دېگەن.

ئۇندىن كېيىن ئاللاھ تائالا "ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن" دېگەن (يەنى، ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانا خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاپ قالىدۇ - دە، قالايمىقان سۆز - ھەرىكەتلەرنى قىلىدۇ. ئۇنداق چاغدا ئۇلارغا "نېمىشقا مۇنداق قىلىدىڭىز؟" ياكى "بۇنداق قىلماڭ، قويۇڭ بۇ ئىشىڭىزنى" دېگەندەك سۆزلەرنى قىلمىغىن، دېگەن) بولۇپ، بۇ ئالدىنقى "ئۇ – ھوي! دېمىگىن" دېگەن سۆزنى تېخىمۇ كۈچلەندۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا يۇقىرىقىدەك سۆز - ھەرىكەتتىن توسقاندىن كېيىن ئۇلارغا قانداق سۆز قىلىشنى بىلدۈرۈپ: «ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن يۇمشاق سۆز قىلغىن» دەيدۇ. يەنى، ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى كۆتۈرىدىغان مۇلايىم، يۇمشاق ۋە چىرايلىق سۆزلەرنى قىلغىن. ئۇلار خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويسا، ئۇنى ھەرگىز يۈزىگە سالمىغىن.

ھېكايە قىلىنىشىچە، بىر بالا ئاتىسىغا تاماق ئەكىلىپ بەرگەن ئىكەن، ئاتىسى قېرى بولغانلىقتىن قولى تىترەپ، تاماقنى بالىسىنىڭ كۆڭلىكىگە تۆكۈۋېتىپ قاپتۇ. بالا دەرھال كۆڭلىكىگە تۆكۈلگەن تاماقنى ئۆزى يەۋېتىپ ئاتىسىغا: "مېنى غىزالاندۇردىڭىز، ئاللاھ سىزنى غىزالاندۇرسۇن" دەپتۇ. بۇ نېمە دېگەن ياخشى، ئېسىل ئەخلاق – پەزىلەت ھە!

ئاندىن ئاللاھ تائالا ئاتا– ئانىغا قانداق مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگىتىپ: "ئۇلارغا كامالى مېھرىبانلىقتىن ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن قاناتلىرىڭنى يايغىن" دەيدۇ. يەنى قانات دېگەن يۇقىرى ۋە تۆۋەن بولىدىغان نەرسە، ئاتا– ئاناڭغا قانىتىڭنى يۇقىرى قىلىشتىن ھەزەر ئەيلە. خۇددى قۇشلار قاناتلىرىنى كېرىپ بالىلىرىنى قانىتى ئاستىغا ئالغىنىدەك، ئۇلارنى ھىمايەڭگە ئالغىن ۋە ئۇلارغا ناھايىتى كەمتەرلىك بىلەن مۇلايىم، يۇمشاق مۇئامىلە قىلغىن. ئۇلارنىڭ ئالدىدا بالىلىرىڭنى ئۇرۇپ - تىللىما. ئۇلارغا قەتئىي قوپاللىق قىلما. ئۇلارغا مېھرىبان ۋە كۆيۈمچان بول. چۈنكى ئۇلار سېنى ئەنە شۇنداق كۆيۈنۈپ، باغرىغا بېسىپ ئۆستۈرگەن.

ئاللاھ تائالا ئاتا– ئانىغا ياخشىلىق قىلىشنىڭ پەقەت يۇقارقىلار بىلەنلا چەكلىنىپ قالماسلىقى، بەلكى ھەر دائىم ئۇلارغا خەيرلىك دۇئا قىلىپ تۇرۇش كېرەكلىكىنى بىلدۈرۈپ: «"ئى پەرۋەردىگارىم! ئۇلار مېنى كىچىكلىكىمدە تەربىيىلىگىنىدەك ئۇلارغا مەرھەمەت قىلغىن" دەپ دۇئا قىلغىن» دەيدۇ. يەنى، ئاتا - ئاناڭ سېنى تەربىيىلەپ چوڭ قىلىش يولىدا يىللارچە سەۋر - تاقەت قىلغان، كېچىلىرى ئۇخلىماي سېنىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلغان. سەنمۇ ئۇلارنىڭ بۇ ياخشىلىقىغا ئاللاھ تائالادىن ياخشىلىق تىلەپ ھەر دائىم دۇئا قىلىشىڭ لازىم، دەيدۇ.

ئاللاھ تائالا ھەتتا كاپىر ئاتا- ئانىغىمۇ ياخشىلىق قىلىشنى بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ: (ئەگەر ئاتا - ئاناڭ سېنى سەن بىلمەيدىغان نەرسىنى ماڭا شېرىك كەلتۈرۈشكە زورلىسا،

ئۇلارغا ئىتائەت قىلمىغىن، ئۇلارغا دۇنيادا ياخشى مۇئامىلىدە بولغىن (يەنى دىنىڭغا زىيان يەتمەيدىغان ئاساستا ئۇلارغا ياخشىلىق قىلغىن). ماڭا تائەت بىلەن قايتقان ئادەمنىڭ يولىغا ئەگەشكىن، ئاندىن مېنىڭ دەرگاھىمغا قايتىسىلەر، سىلەرگە قىلمىشىڭلارنى ئېيتىپ بېرىمەن.) [لۇقمان سۈرىسى: 15- ئايەت]

ھەقىقەتەنمۇ ئاتا - ئانىنىڭ ھەققىنى، بولۇپمۇ ئانىنىڭ ھەققىنى تولۇق ئادا قىلىش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس. شۇنداق تۇرۇپ، قولدىن كېلىشىچە ئاتا - ئانىنىڭ خىزمىتىنى قىلىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنى رازى قىلىش ئۇ ياقتا قېلىپ، ئەكسىچە ئۇلارنى قاخشىتىپ، ئەسكىلىك قىلىش، نەدىمۇ ئىنساننىڭ ئىشى بولسۇن؟! قانداق ۋىجدان ئۇنى قوبۇل قىلالىسۇن؟ !!

ئىسلامدا ئاتا- ئانىنى قاخشىتىش ھارام قىلىنغان ئېغىر گۇناھلاردىن بولۇپ سانىلىدۇ. يۇقىرىدىكى ئايەتتىكى «ئاتا- ئاناڭغا ئۇ - ھوي! دېمىگىن ۋە ئۇلارنى دۈشكەلىمىگىن» دېگەن سۆزلەر، ئۇنىڭ ھاراملىقىنى بىلدۈرىدۇ. ئەنە شۇنچىلىك ئاددى سۆزنى قىلىشمۇ ھارام بولغان يەردە، ئۇنىڭدىن چوڭ ئىشلارنىڭ ھاراملىقى ئەلۋەتتە تېخىمۇ ئېغىر بولىدۇ. ئىلگىرىكى سالىھ كىشىلەرنىڭ ھەممىسى ئاتا - ئانامنىڭ كۆزى چۈشۈۋاتقان نەرسىنى مەن يەپ سېلىپ، ئاتا - ئانىسىنى قاخشاتقانلاردىن بولۇپ قالماي دەپ، ئاتا- ئانىسى بىلەن بىر لىگەندە تاماق يېيىشتىن قاچىدىكەن. ئەپسۇسكى كۈنىمىزدە ئاتا - ئانىسىغا ئازار بېرىدىغان، ناچار مۇئامىلە قىلىدىغان، ئۇلارغا ئۆز لايىقىدا ھۆرمەت قىلمايدىغانلارنى، ھەمدە ئانىسىدىن خوتۇنىنى ئۈستۈن كۆرۈپ، خوتۇنىنىڭ گېپى بىلەن ئاتا - ئانىسىنى ھاقارەتلەيدىغانلارنى دائىم كۆرۈپ، ئاڭلاپ تۇرىمىز. شۈبھىسىزكى بۇ ئەڭ چوڭ جىنايەت ۋە قەبىھ گۇناھتۇر. ئاتا - ئانىسىنى قاخشاتقانلارغا ئاللاھ تائالا دۇنيادا ھەم ئاخىرەتتە تەڭ ئازاب بېرىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيادىكى جازاسى ئېغىر كېسەللىك، نامراتلىق، خورلىنىش ۋە ئۆزىگە ئوخشاش ئاسىي پەرزەنتلەرگە ئاتا بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولىدۇ. بۇنىڭغا قارىتا ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن مۇنداق بىر ئەھۋالنى قىستۇرۇپ ئۆتسەم ئارتۇق كەتمەس.

بىز يۇرتتا ئوقۇۋاتقاندا، ئۇستازىمىزنىڭ يىگىرمە، يىگىرمە ئىككى ياشلار ئەتراپىدا بىر تالىپى بار ئىدى. ئۇ سەھىھۇلبۇخارى ۋە تەفسىر بەيزاۋىدىن دەرس ئالاتتى ھەم باشقىلارغا ناھايىتى ياخشى دەرس چۈشەندۈرەتتى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇ كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى. بىر نەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇستازىمىزدىن ئۇنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى ئاڭلىدۇق. لېكىن ئۇنىڭ كېسىلى ئايلارچە ساقايمىدى. كۆرگىلى بارساق ئۇنىڭ بەدەنلىرى ئېقىپ، شۇنداق پۇراپ كەتكەنكى، يېقىن بارغىلى بولمايتتى. ئۇنىڭ ياپ - ياش تۇرۇپ، ئۇشتۇمتۇت بۇنداق يامان كېسەلگە دۇچار بولۇپ قېلىشىنىڭ سەۋەبىنى دادىسى مۇنداق ھېكايە قىلىپ بەردى:

"بىر كۈنى بۇ ئوغلىمىز ئانىسى بىلەن تۇۋلىشىپ، ئاچچىقلىغىلى تۇردى، مەن ئانىسىغا قول شىلتىپ قالمىسۇن، دەپ ئەندىشە قىلىپ، ئۇنى توسماقچى بولىۋىدىم، مېنى "ئىشىڭنى قىلىڭ" دەپ ئىتتىرىۋەتتى، مەن يىقىلىپ چۈشتۈم. ئۇزۇنغا قالماي بالام ئاغرىپ قالدى، بارغانسىرى ئېغىرلىشىپ مۇشۇ ھالەتكە كەلدى."

ھېلىقى بالا بىر نەچچە ئاي شۇنداق ھالەتتە قىينىلىپ ئالەمدىن ئۆتتى. بۇنىڭغا ئوخشاش مىساللار ئاز ئەمەس. ئاتا - ئانىنى قاخشىتىش سەل چاغلاشقا بولىدىغان كىچىك ئىش ئەمەس. ئىمام بۇخارى ھەزرىتى ئەبۇ بەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «گۇناھلارنىڭ ئەڭ چوڭىنى سىلەرگە ئېيتىپ بېرەيمۇ؟ ئۇ ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرۈش ۋە ئاتا - ئانىنى قاخشىتىشتۇر.» دېگەن. ئىمام مۇسلىم رىۋايەت قىلغان ھەدىستە رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «بۇرنى توپىغا سۈرتۈلسۇن، بۇرنى توپىغا سۈرتۈلسۇن، بۇرنى توپىغا سۈرتۈلسۇن» دېگەندە، ساھابىلار "كىمنىڭ ئى رەسۇلۇللاھ!" دەپ سورىدى. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم: «ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانا ھەر ئىككىسى ياكى ئۇلارنىڭ بىرسى يېنىدا تۇرۇپمۇ، جەننەتكە كىرەلمىگەن كىشىنىڭ» دەپ جاۋاب بەرگەن. رەسۇلۇللاھ سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم يەنە مۇنداق دېگەن: «ئۈچ خىل كىشىگە ئاللاھ جەننەتنى ھارام قىلدى، ئۇلار ھاراقكەش، ئاتا - ئانىسىنى قاخشاتقۇچى ۋە خوتۇنىنى كۈنلىمەيدىغان دەييۇز.» [ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى]

دېمەك، ئاتا - ئانىغا ياخشىلىق قىلىش پەرز ئىبادەتلەرنىڭ بىرى بولۇپ سانىلىدىغان بولغاچقا ئۇلارنى قاخشىتىش ئەڭ چوڭ گۇناھ. مەن مۇسۇلمان دەيدىكەنمىز، ئاتا - ئانىنىڭ ئۈستىمىزدە نەقەدەر چوڭ ھەققى بارلىقىنى بىلىشىمىز، قولىمىزدىن كېلىشىچە ئۇلارغا ياخشىلىق قىلىشىمىز لازىم. ئەگەر ئۇلار ھايات بولمىسا، ھاياتىمىزنىڭ ئاخىرىغىچە ئۇلارغا ياخشى دۇئا قىلىشىمىز، ئۇلارنىڭ ئەمەلگە ئاشۇرالماي قالغان ئىشلىرىنى بىز ئەمەلگە ئاشۇرۇشىمىز ھەمدە ئۇلارنىڭ دوست - بۇرادەرلىرىگە ياخشىلىق قىلىشىمىز لازىم. بولمىسا ئەمەلىيەتتە ئىسلامغا ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ساختا مۇسۇلمانلاردىن بولۇپ قالغان بولىمىز. ئۇنداق مۇسۇلمانلىقىمىز ئاقىۋەت ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمايدۇ.■

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى

ھاجى ياقۇپ ئانات

يەتتە شەھەر خانلىقى ئاغدۇرۇلغاندىن (1877) كېيىن، خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندا ئومۇميۈزلۈك قەتلىئام، قاماش، سۈرگۈن قىلىش، خەلقنىڭ مال - مۈلكىنى تالان - تاراج قىلىش ئىشلىرىنى ئامانسىز يۈرگۈزگەندى. قەيەردە زۇلۇم بولىدىغان بولسا ئۇ يەردە قارشىلىق بولىدىغانلىقى ئۈچۈن شەرقىي تۈركىستان خەلقىدىمۇ خىتايغا قارشى، خىتاي شوۋىنىزمغا قارشى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى تۇغۇلدى.

مىللەتچىلىك نىمە؟ مىللەتچىلىك ئىنسانلارنىڭ سۆيگۈ ۋە ھۆرمەت ھېسلىرى بىلەن مىللىتىگە باغلىنىشىدۇر. مىللەتچىلىك مىللەتنىڭ تىلىغا، دىنىغا، ئەخلاقىغا، ماددى - مەنىۋى پۈتۈن كۈلتۈر قىممەتلىرىگە نىسبەتەن چوڭقۇر ئالاقە كۆرسىتىش، مىللىتىنى تەرەققى ئەتتۈرۈش، مىللەتنىڭ قۇدرىتىنى ئارتتۇرۇش، ۋەتىنىنى قوغداش يولىدا تۈرلۈك پىداكارلىقلارنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىش يولى بىلەن ئىپادىلىنىدۇ.

قىسقىسى مىللەتچىلىك ئىنسانلارغا مىللىي ۋە بەشەرى ئۈستۈنلۈك تەمىن ئەتكەن يۈكسەك ئەخلاقنىڭ ئەڭ چوقىسىدا ئورۇن ئالغان بىر روھ ھالىتىدۇر.

ئۇيغۇر - تۈرك مىللەتچىلىكى تىلى، دىنى، ئەخلاقى، تارىخلىرى ئورتاق بولغان تۈرك مىللىتىنى سۆيمەكتىن ۋە ھۆرمەت كۆرسەتمەكتىن ئىبارەت، ئۇيغۇر - تۈرك مىللەتچىسى تۈرك چۈشەنچەسىنىڭ ئىلمى، پىكرى، ئەدەبى، پەلسەپە ۋە تېخنىك ساھەلىرىدە ئىمكانلىرىنى بېيىتىدىغان، ئىسلامىيەتكە ھۆرمەت كۆرسىتىدىغان، دۇنيا تۈركلۈكىنىڭ ئىستىقلال، ئەركىنلىك، بەخت - سائادىتى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدىغان ئىنساندۇر.

1911- يىلى خىتايدا ئىنقىلاب بولۇپ جۇمھۇرىيەت قۇرۇلدى. بۇ جۇمھۇرىيەت شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىگە ھېچبىر پايدا ئېلىپ كەلمىدى،

يەنىلا خىتاي ئاسارىتىدە ئېزىلدى. نىھايەت 1911 - يىلى تۆمۈر خەلپە قۇمۇلدا ئىنقىلاب قىلغان بولسىمۇ، ھىلە - مىكىرلەر بىلەن باستۇرۇلدى. گەرچە بۇ ئىنقىلاب مەغلۇب بولغان بولسىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا خىتايغا قارشى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرى كۈچلىنىپ كەتتى.

مىللىي ئويغىنىش دەۋرىمىزنىڭ سىماللىرىدىن مەرھۇم شەھىد ئابدۇلقادىر دامۇللام ۋارىسى 1907 - يىلى تۈركىيە، مىسىر، سۈرىيە كەبى ئىسلام ئەللىرىگە تەتقىقات ساياھىتىگە چىقىدۇ. قايتىپ كەلگەندىن كېيىن كاشغەر شەھىرىدە «مەتلەئۇلھىدايەت» ئاتلىق مەكتەب قۇرۇپ ئوقۇغۇچىلار يېتىشتۈرىدۇ، كىتابلار نەشىر قىلىپ خەلقنى ئويغىتىدۇ. مىللەتچىلىك پىكرى تارقىلىدۇ. بۇكۈنلەردە غۇلجىلىق مەسئۇد سەبرى بايقۇزى تۈركىيىگە ئوقۇشقا چىقىدۇ، تۈركىيىنىڭ ئۇ دەۋرىدىكى مىللەتچى تۈركلىرى زىيا گۆگ ئالىپ، تەلئەت پاشا... ۋە باشقىلار بىلەن تونۇشىدۇ، ۋەتەنگە قايتقاندىن كېيىن غۇلجىدا ”دەرنەك“ نامىدا مەكتەب ئېچىپ، مىللەتچىلىك، تۈركچىلىك پىكرىنى تارقىتىدۇ، ئىيسا ئالىپتېكىن ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدە خىتاينىڭ شۇ ۋاقىتتىكى مەركىزى نەنجىڭ شەھىرىدە

”چىنى تۈركىستان ئاۋازى“ مەجمۇئەسىنى چىقىرىپ، مىللەتچىلىك تەرغىباتىنى باشلىۋىتىدۇ. شەرقىي تۈركىستاندا مىللەتچىلىك كۈچلىنىپ كېتىدۇ. نەتىجىدە 1931 - يىلى قۇمۇل ئىنقىلابى پارتلىدى، بۇ ئىنقىلاب شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئومومىي بىر ئىنقىلاپ تۈسىنى ئالدى، ئىنقىلاب ئۇتى پۈتۈن شەرقىي تۈركىستانغا تۇتاشتى.

ئىنقىلاب نەتىجىسىدە 1933 - يىلى كاشغەردە بىرىنچى جۇمھۇرىيىتىمىز «شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى» قۇرۇلدى. بۇ جۇمھۇرىيەت دەۋرىدە يېڭى مائارىپ قۇرۇلۇپ تەرەققى قىلدى، مىللىي، دىنىي، سىياسىي، تەربىيە كۈچەيتىلدى، شەرقىي تۈركىستاندا مىللەتچىلىك كۈچلۈك تەرەققىي قىلىشقا باشلىدى.

ئىنقىلاب لىدىرلىرىمىزدىن گېنىرال مەھمۇد مۇھىتى كاشغەردە تۇردى، كاشغەر شەرقىي تۈركىستاننىڭ تارىختىن بېرى سىياسىي ۋە مەدەنىيەت مەركەزلىرىدىن بىرى ئىدى. كاشغەردە قۇتلۇق شەۋقىي باش مۇھەررىرلىكىدە ”يېڭى ھايات“ گېزىتى، مۇھەممەد ئىمىن قارىھاجى سۇفىزادە باش مۇھەررىرلىكىدە ”ئىستىقلال“ مەجمۇئەسى نەشىر قىلىنىپ، كۈچلۈك مىللەتچىلىك تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىلدى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ 30 - يىللاردىكى مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ ئاساسلىرى بۇ ۋاقىتتا ساغلام قۇرۇلغاندى.

### ئۈچ ئەپەندى ۋە شەرقىي تۈركىستان مىللەتچىلىك ھەرىكىتى

ئالدى بىلەن ئۈچ ئەپەندى كىملەر؟ بۇلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئۈچ ئەپەندى:

مەسئۇد سەبرى بايقۇزى، مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا، ئىيسا ئالىپتېكىنلەردۇر.

1 - مەسئۇد سەبرى بايقۇزى غۇلجىدىن، ئۆتكەن ئەسىرنىڭ باشلىرىدا تۈركىيىدە ئوقىغان، تۈركچى، مىللەتچى بىر زات بولۇپ، شەرقىي تۈركىستانغا مىللەتچىلىك، تۈركچىلىك پىكرىنى دەسلەپ ياىغانلارنىڭ بىرىدۇر.

1933 - يىللىرى قىزىل ئوردۇ دوغۇ تۈركىستانغا كىرگەن ۋاقىتتا غۇلجىدا ئۆلتۈرۈلىدىغان 200 كىشىلىك قارا تىزىملىكنىڭ بىرىنچى نومرى مەسئۇد ئەپەندىم ئىكەن. بۇندىن خەۋەر تاپقان مەسئۇد ئەپەندىم غۇلجىدىن جەنۇپقا قاچىدۇ. ئاقسۇدا خوجانىياز ھاجىم بىلەن كۆرۈشىدۇ، قارايۇلغۇن ئۇرۇشىغا قاتنىشىدۇ، ئۇ يەردىن ھىندىستان ئارقىلىق خىتايغا كېلىپ، ئىيسا ئەپەندىم بىلەن بىرلىشىدۇ.

2 - مۇھەممەد ئىمىن بۇغرا خوتەندىن، دىنىي تەھسىل قىلىپ، مۇدەررىسلىك قىلغان، زاماننىڭ يېتىشتۈرگەن زىرىك مىللەتچىلىرىدىن بىرى ئىدى. قۇمۇل ئىنقىلابىدىن كېيىن خوتەندە تەشكىللىنىپ، ئالدى بىلەن قارىقاش ناھىيىسىنى ئازات قىلىپ، كېيىن پۈتۈن خوتەن ۋىلايىتىنى يەكەن داخىل ئازات قىلىدۇ، ئىككى قېرىندىشى ئابدۇللاھ ۋە نۇر مۇھەممەدنى شەھىد بېرىدۇ، ئىنقىلاب رۇسىيىنىڭ ساتقىنلىقى ۋە ئەسكىرىي ياردىمى بىلەن باستۇرۇلغاندىن كېيىن ھىندىستانغا چىقىپ كەتكەن ۋە كابۇلدا تۇرغان. «شەرقىي تۈركىستان تارىخى» نى يازغان. 1943 - يىلى چىنغا كېلىپ مەسئۇد ئەپەندى، ئىيسا ئەپەندىلەر بىلەن بىرلىكتە شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلال مۇجادىلىسىگە كىرىشكەن. شەرقىي تۈركىستان چىنى كوممۇنىست ئىستىلاسىغا ئۇچراشتىن سەلگىنە بۇرۇن ئىككىنچى قېتىم ھىندىستان سەپىرىگە چىقتى، 1952 - يىلى تۈركىيىگە كەلدى بۇ يەردە ۋەتەن داۋاسىنى باشلاپ قۇلدىن كەلگەن بارلىق خىزمەتلەرنى قىلدى.

3 - ئىيسا ئەپەندىم ئەسلى كاشغەر يېڭىساردىن. چىن مەكتەپلىرىدە ئوقۇپ يېتىشكەن، كېيىن خىتاينىڭ ئەنجان كونسۇلخانىسىدا ئىشلىگەن. بۇ يەردە غەربىي تۈركىستاننىڭ مىللەتچى شەخسىيەتلىرى بىلەن تونۇشۇپ، مىللەتچىلىكنى قوبۇل قىلغان، بۇ يەردىن خىتايغا كېلىپ مىللەت ۋەكىلى بولۇپ ئىشلىگەن. ئىيسا ئەپەندىم پۈتۈن ھاياتىدا شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالى ئۈچۈن مۇجادىلە قىلغان بىر شەخسىيەتتۇر.

ئۈچ ئەپەندىم 1946 - يىلى بىتىم مۇناسىۋىتى بىلەن شەرقىي تۈركىستانغا چىقىدۇ، شەرقىي تۈركىستاندا مىللەتچىلىك ھەرىكىتىنى داۋام ئەتكۈزىدۇ. «ئالتاي نەشرىياتى» تەرىپىدىن چىقىرىلغان، ”ئالتاي“ مەجمۇئەسى، ”ئەرك“ گېزىتى ”يالقۇن“، ”يۇرت“ گېزىتلىرى، ”تەڭرىتاغ نەشرىياتى“ تەرەپىدىن چىقىرىلغان ”تەڭرىتاغ رەسىملىك

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى



مەجمۇئەسى"، "ئەدەبىيات" مەجمۇئەسى ۋە "ياشلار بىلىمى"... مەجمۇئەلىرى ئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندا مىللەتچىلىك تەشۋىقاتى ئېلىپ بېرىپ، ۋەتەندىكى چىن پەرەستلەر ھەم سوتسىيالىست (رۇسپەرەست) مىللەتچىلەرگە قارشى مۇجادىلە ئېلىپ بارىدۇ. زامانىسىنىڭ مىللەتچى زىيالىلىرى، ياشلىرى، يازارلىرى، ئەدىبلىرى، شائىرلىرى بولغان ئابدۇلئەزىز مەخسۇم، ئەمىن ۋاھىدى، باي ئەزىزى، ئابدۇلئەزىز چىڭگىزخان، ھەمدۇللاھ تارىمى، پولات قادىرى، ھاجى ياقۇب ئانات، ئابدۇرېھىم ئۆتكۈر، ئىبراھىم مۇتىئى، قۇربان قۇداي، خەۋىر تۆمۈر، ئابدۇللاھ تىمەن، سەتتار مۇقبۇل، ئەر تۇغرۇل سەبرى، خەمىت سەبرى، فەتھۇددىن مەخسۇم، سۇلايمان سەلچۇق، مۇھەممەد توختى، ئابدۇرېھىم جوشقۇن، ئابدۇرۇئوپ دۇقتۇر، ئابدۇلھەمىدخان كۇچارى، ئىنايەتۇللاھ خان، نىياز ئەرول، پولات ئابدۇل، ھامۇت مەھمۇدى... كەبى مىللەتچىلەر ئۈچ ئەپەندىم ئەتراپىدا بولۇپ، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مۇجادىلىسىنى يۈرگۈزىدۇ. بۇلار ئۈچ ئەپەندىچىلەر دېيىلەتتى.



### شەرقىي تۈركىستان مىللەتچىلىرىنىڭ ھەرىكەت شوئارلىرى

بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

بىرىنچى مىللەتچىمىز شۇئارى ئىدى. ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 30 - 40 - يىللىرىدا شەرقىي تۈركىستاندا بىرسى خىتايچىلار، بىرسى رۇسپەرستلەر، يەنە بىرسى مىللەتچىلەر بولۇپ، ئاساسەن بۇ ئۈچ گۇرۇھ كۈرەش مەيدانىدا ئىدى. خىتايچىلار جايلاردا چىن ھەربىيلىرىنىڭ ھىمايىسىدە ۋەتەننى داۋاملىق خىتاي ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ زۇلمى ئاستىدا قىلىشنى ئىستەيدىغان بىر تۈركۈم ئىدىئالسىز، ئازغىنە مەنپەئەتكە سېتىلغان مىللىي مۇناپىقلار ئىدى. بۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى بۇرھان شەھىدى، قاسىم قۇربانى، ناسىر بەگ (ئۈرۈمچىدە) يولبارس بەگ (قۇمۇلدا)، نادەيجاۋ (ناسىر بەگ) (قارشەھەردە)، سەيد ئەھمەد خان خوجا (ئاقسۇ)، تۇرابىبەگ، (كاشغەردە)، نۇر بەگ (خوتەندە) ئىدى.

ئىككىنچى سوتسىيالىست (رۇسپەرەست) مىللەتچىلەر: بۇلار قىزىل رۇس ئىمپېرىيالىستلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى گۇماشتىلىرى بولۇپ، ۋەتەننى رۇسىيىگە باغلاپ بېرىدىغان كۈچلۈك بىر ئېقىم ئىدى. ئالما ئاتادا چىقىرىلىپ، شەرقىي تۈركىستانغا ئەۋەتىلىدىغان "شەرق ھەقىقىتى" ژۇرنىلى بولۇپ، شۇ دەۋردە تېخنىكىسى يۇقىرى سىستېمىلىك چىقىرىلىدىغان، رۇسپەرەستلەرنىڭ ئەڭ كۈچلۈك پروپاگاندا قورالىدى. بۇلارنىڭ تىپىك ۋەكىلى سەيپىدىن ئەزىزى، ئابدۇكەرىم ئابباسوپ، ئايدۇلكەرىم خان مەخسۇم، ياقۇب ھاجى، سىدىق مۇسايوف، ئابدۇرېھىم پەتەك... ۋە باشقىلار ئىدى. يەنە رۇسىيەدىن شەرقىي تۈركىستانغا كىرگۈزۈلگەن 4 — كولوننانىڭ جاسۇسلىرى قاسىم ئەپەندى(قازاق)، گېنېرال ئىسھاقبەك باشلىق سوۋېتتە ئوقۇپ كەلگەن رۇسپەرەستلەر بولۇپ، شەرقىي تۈركىستاندا ئەڭ كۈچلۈك سىياسىي قۇۋۋەت ئىدى.

ئۈچۈنچىسى ئۈچ ئەپەندى باشچىلىقىدىكى تۈركچى مىللەتچىلەر، بۇلار ۋەتەننى خىتاي ئاسارىتىدىن قۇتۇلدۇرۇشنى مەقسەت قىلغان، رۇسىيە نۇپۇزى ئاستىغا كىرىپ قېلىشقا قارشى مۇجادىلە بېرىۋاتقان كۈچلەر ئىدى. بۇلار رۇسپەرەستلەر كەبى كۈچلۈك سىياسىي ئارقا تىرەككە ئىگە بولمىسىمۇ، مىللەتنىڭ مەنىۋى كۈچىگە، مىللىي تۇيغۇسىغا يۆلەنگەن، مىللەتتىن مەنىۋى ئىلھام ۋە پەيز ئالىدىغان بىر سىياسىي گۇرۇھ بولۇپ، بۇلارنىڭ قولىدا بەزى نەشرىيات، مائارىپ ئورۇنلىرى بار ئىدى. ئالتاي نەشرىياتى، يالقۇن گېزىتى، تەڭرىتاغ نەشرىياتى كەبى ئورۇنلار بولۇپ، كۈچلۈك مىللەتچىلىك تەرغىباتى ئېلىپ بارماقتا ئىدى.

خەلقچىمىز شۇئارى ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندا خەلقچىلىق ئۇ يىللاردا دېموكراسىي مەنىسىدە قوللىنىلاتتى. بۇ شۇئارنى ئوتتۇرىغا قويۇشتىكى مەقسەت، شەرقىي تۈركىستان خەلقى ئۇ دەۋردە مۇستەملىكە مۇستەملىكىسى سۈپىتىدە ياشايتتى. خىتايدا جۇمھۇرىيەت قورۇلغاندىن كېيىن بىر ئاز دېموكراسى بولغان بولسىمۇ، بۇ خىتايچە شەرق دېموكراتىيەسى جىيا يۈگۈەندىن ئېتىبارەن شەرقىي تۈركىستانغا چىقالمىغانىدى. شەرقىي تۈركىستاننى سىياسىي، مەنىۋى تەسىرى ئاستىغا ئېلىۋالغان ستالىن رۇسىيەسى دېكتاتورلۇق تۈزۈمدە بولۇپ، دېموكراتىيەدىن بەھس قىلىش مۇمكىن ئەمەسىدى. رۇسىيەدىكى سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئانتى دېموكراتىك بىر رېژىم بولۇپ، خەلقنىڭ پىكىر ۋە ھۆررىيىتىگە تەھدىد سېلىۋاتقان ۋە بوغۇۋاتقانىدى. بۇنىڭ تەسىرى شەرقىي تۈركىستانغا كىرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خىل دېموكراتىيىگە قارشى پىكىر ۋە رېژىمنى توسۇش، قارشى تۇرۇش ئۈچۈن، شەرقىي

تۈركىستان مىللەتچىلىرى خەلقچىلىق دېموكراتىيىسىنى ئۆزىنىڭ ئىككىنچى مۇھىم شوئارى قىلغانىدى.

ئۈچىنچى ئىنسانىيەتچىمىز شوئارى ئىدى. شەرقىي تۈركىستان دۇنيادىكى ئەڭ قالاق يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئودال دۆلەتنىڭ مۇستەملىكىسى بولۇپ ياشىغانلىقى، ھۇمانىزم نىئمەتلىرىدىن مەھرۇم قالغانلىقى ئۈچۈن ھۇمانىزمغا بەك ئېھتىياجلىق ئىدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرى ئۇ زامانلاردا ئىنسان ھەقلىرى ئاتالمىسىنى بىلمەيتتى، ئەمما ئىنسانچە ياشاش ئارزۇسى كۈچلۈك ئىدى. شۇڭلاشقا دەۋرىنىڭ كۈچلۈك تەلەبى بولغان ھۇمانىزم شەرقىي تۈركىستان مىللەتچىلىرىنىڭ ئۈچىنچى شوئارىدى.

تۆتىنچى دىنىمىز ئىسلامدۇر شوئارىدى. ئۇيغۇر تۈركلىرى مىڭ يىلدىن بېرى ئىسلام دىنىدەدۇر. مۇسۇلمان تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن بۇ شوئار ئوتتۇرىغا قويۇلدى؟ دۇنياغا دارۋىنىزم، ماتېرىيالىزم، كوممۇنىزم پىكىرلىرى يېيىلغاندىن كېيىن بىزنىڭ غەربىي قوشنىمىز رۇسىيە 1917 - يىلدىكى ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن كوممۇنىزم يولىنى تۇتتى, رۇسىيەدىن بىزگە دارۋىنىزم، سوتسىيالىزم، كوممۇنىزم ئېكسپورت قىلىندى. شەرقىي تۈركىستاندىمۇ ئاتېزم پىكىرلىرى يېيىلىشقا باشلىدى، مايمون نەزىرىيەسى تارقالدى، رۇسىيىدە ئوقۇپ كەلگەن بىر بۆلۈك ياشلىرىمىز بۇ زەھەرلىك نەزىرىيەلەرنى تارقاتتى، بىر بۆلۈك ياشلىرىمىز ماتېرىيالىزم پەلسەپەسىنى قوبۇل قىلدى، شۇڭا شەرقىي تۈركىستان مىللەتچىلىرى بۇ شوئارنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۆزلىرىنىڭ دارۋىنىست، كوممۇنىست ئەمەسلىكىنى، ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان، سۈننى - ھەنەفى مۇسۇلمان ئىكەنلىكىنى خەلققە بىلدۈردى. خەلقنىڭ دىنىغا سادىق قېلىشىنى تەرغىب قىلدى.

بەشىنچى ئىرقىمىز تۈركدۇر شوئارى ئىدى. دۇنيادا تۈرك ئاتالماسىدىن قورقىدىغان ئىككى دۆلەت بار: بىرى رۇسىيە، بىرى چىن. رۇسىيە ئوتتۇرا ئاسىيا (تۈركىستان) دا بىر پۈتۈن تۈرك مىللىتىنى پارچىلاپ ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز، تۈركمەن، ئازەر... ۋە باشقا سۈنئى مىللەتلەرنى ئوتتۇرىغا چىقاردى، سىلەر تۈرك ئەمەس، سىلەر ئۇيغۇر، ئۆزبېك، قازاق، قىرغىز... دېدى ۋە ئۇ ناملاردا قورچاق جۇمھۇرىيەتلەر تەسىس قىلدى. قارشى چىققانلارنى "باسمىچى"، "مىللەتچى"، "ئەكسىلئىنقىلابچى"... ناملىرى بىلەن يوقاتتى. بۇنىڭ تەسىرى شېڭ شىسەي زامانىسىدا شەرقىي تۈركىستانغىمۇ كۈچلۈك تەسىر

قىلغانىدى، ھەتتا بىرمەھەل بىزدىنمۇ "تارانچى" مىللىتى ياراتقانىدى، كېيىن ئۆزلىكىدىن ئەمەلدىن قالدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى مىللەتلەرنىڭ تۈرك ئىكەنلىكىنى تارىخىي، ئىلمىي جەھەتتىن دەلىللەپ كۆرسىتىش زۆرۈرىيىتى كېلىپ چىققانىدى. ھازىر ئۆزبېكىستان، قازاقىستان، قىرغىزىستاندىن كەلگەن ياشلار ئۆزلىرىنىڭ تۈرك ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. شەرقىي تۈركىستاندىن كەلگەنلەر ئۇنداق ئەمەس، بىز "ئۇيغۇر تۈركلىرى" دەيدۇ. بۇ شەرقىي تۈركىستان مىللەتچىلىرىنىڭ بۇ شوئارىنىڭ بۇ ھەقتىكى تارىخى، ئىلمىي ئەمگەكلىرىنىڭ نەتىجىسىدۇر. بۇ يەردە بىر تارىخىي ۋەقەنى سۆزلەپ ئۆتۈشكە رۇخسەت قىلىڭلار!

1949 - يىلى يانۋاردا تاشكەنت ۋە ئالماتا رادىئولىرى ۋە مەتبۇئاتلىرى شەرقىي تۈركىستان مىللەتچىلىرىگە تۇيۇقسىز ھۆجۇم قىلدى. ئۇلارنىڭ بىرىنچى ماقالىسى، "ئىمپېرىئالىزمنىڭ رېئاكسىئون سىياسىتى ئۈچۈن ئۇيغۇر تارىخى ساختا قىلىنمىسۇن!" ماۋزۇلۇق ماقالە ئىدى.

بۇ ماقالىغا لايىقىدا جاۋاپ بېرىلدى. ئىككىنچى بىر ماقالە چىقتى، ئۇنىڭغىمۇ جاۋاب بېرىلدى. ئۈچىنچى ماقالە "ئۇيغۇرلار تۈرك ئەمەس" ماۋزۇلۇق ماقالە ئىدى. بۇنىڭغا ئەسكى چىن مەنبەلىرىدىن دەلىللەر كەلتۈرۈپ، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەقىقىي تۈرك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىدۇق، ئەڭ ئاخىرىدا رۇسىيەدىكى ئاتالمىش سىياسىي تارىخچىلارغا بىر سوئال قويدۇق. ئۇيغۇرلار تۈرك بولمىسا نېمە ئۈچۈن كاشغەرلىك مەھمۇد ئۆزىنىڭ ئەسىرىنى "دىۋانۇ لۇغاتىت تۈرك" دېدى. نېمىشقا "دىۋانۇ لۇغاتى ئۇيغۇرى، ئۆزبەكى، قازاقى، قىرغىزى، ياغمائى، قارلۇقى، چىگىلى... دېمىدى" دەپ سوراشتۇق، بۇ ياللانما ئالىملار جىمىقتى. بۇ ئالتە ماقالىنى ئالتاي نەشرىياتى "قەلەم كۈرىشى" نامى بىلەن بىر رىسالە قىلىپ چىقارغان.

ئالتىنچى ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندۇر شوئارى ئىدى. شەرقىي تۈركىستان ۋەتىنىمىزنىڭ تارىخىي نامى بولۇپ، پۈتۈن دۇنيا ئالىملىرىنىڭ تارىخىي ئەسەرلىرىدە ئومۇم ئېتىراپ قىلىپ قوللىنىپ كەلگەن ھەمدە ئىككى قېتىم قۇرۇلغان جۇمھۇرىيەتلىرىمىزگە نام بەرگەن ئىسىمدۇر. بوۋىمىز يۈسۈپ خاس ھاجىپ مىڭ يىل ئاۋۋال يازغان "قۇتادغۇ بىلىگ" ناملىق ئەسىرىنىڭ نەسرى كىرىش سۆزىدە: "قامۇغ تۈركىستان ئىللىرىندە، بۇغراخان دىلىنچە، بۇ كىتابتىن ياخشىراق ھەرگىز كىمەرسە تەسنىف قىلمادى" دەپ ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنىڭ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



قاراخانىيلار دەۋرىدە تۈركىستان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن ئىدى. لېكىن ختاي ئىستېلاچىلىرى 1884 - يىلى شەرقىي تۈركىستان نامىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ "شىنجاڭ" (يېڭى يەر) دېگەن مەنفۇر نام بىلەن ئاتىدى. خەلقىمىزگە، يېڭى نەسىللەرگە ۋەتىنىمىزنىڭ نامىنىڭ "شىنجاڭ" بولماستىن، شەرقىي تۈركىستان ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈش، ئۆزىنى مىللەتچى ھېسابلىغان ھەر بىر ئۇيغۇر تۈركىنىڭ مىللىي بۇرچىدۇر. ۋەتىنىمىزنىڭ نامى ئەسلا ۋە ئەسلا "شىنجاڭ" ئەمەستۇر. شەرقىي تۈركىستاندۇر.

1948 - يىلى چىن جۇمھۇرىيىتى بىرىنچى قۇرۇلتىيىدا شەرقىي تۈركىستان مىللەتچى ۋەكىللىرىنىڭ تىرىشچانلىقى ۋە كۈرەشلىرى بىلەن "شىنجاڭ" ئاتالمىسى ئىپتال قىلىنىپ، "چىنى تۈركىستان" قوبۇل قىلىنغان ئىدى. ئۇ زامانىنىڭ شەرت - شارائىتلىرىغا كۆرە بۇ قارار بىر قەدەم ئىلگىرلىمەك ئىدى.

يوقىرىدىكىلەر ئۆتكەن ئەسىرنىڭ ئىككىنچى چارىكىدىن باشلاپ ختاي كومۇنىستلىرىنىڭ ئىستىلاسىغىچە شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللەتچىلىك ھەرىكەتلىرىنىڭ قىسقىچە مەنزىرە سىدۇر. 20

1949 - يىلى 25 - سىنتەبىردە بۇرھان شەھىدى، سەيپىدىن ئەزىزى، ئىسھاقبەك، دەللىخان سۇگۇر بايوۋ، ئابدۇلكەرىم خان مەخسۇم، ئابدۇلكەرىم ئابباسوۋ... ۋە باشقىلارنىڭ خىيانىتى بىلەن ختاي كومۇنىستلىرى بىرپاي ئوق ئاتماستىن شەرقىي تۈركىستاننى ئىستېلا ئەتتى. مىللىي ئارمىيە ماسلاشتى. ھازىر يېرىم ئەسىر ئۆتتى، تارىخىمىزدا ھېچ كۆرۈلمىگەن ئەڭ ئېغىر مۇستەملىكە ھاياتى كەچۈرمەكتەمىز.

ختاي كومۇنىستلىرى تۈرلۈك ھەرىكەتلەر بىلەن شەرقىي تۈركىستاندا مىللەتچىلىك، تۈركچىلىك پىكىرلىرىگە خاتىمە بەردى، مىللەتچى، تۈركچى ئىنسانلارنى تۈرمىلەرگە قامىدى، ئۆلتۈردى. يەر ئىسلاھاتى يۈرگۈزۈپ يەنە نۇرغۇن ئادەملەرنى تۈرمىلەرگە ئاتتى ۋە ئۆلتۈردى. 1958 - يىلى مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت يۈرگۈزۈپ، پۈتۈن شەرقىي تۈركىستاندا مىللىي ھېسسىياتى بارلىكى ئىنسانلارنى تازىلىدى، مىللىي ئارمىيىنىمۇ ئەمەلدىن قالدۇردى. تۈركچىلىك، مىللەتچىلىك سەلبىي - مەنفۇر ئاتالمىلارغا ئايلاندى. ئۇلاپلا "تەبئىي ئاپەت" دېگەن "سۇنئىي ئاپەت" بىلەن خەلقنى ئاچ قويدى، يېزىلار كومۇنالاشتۇرۇلدى، شەھەرلەردە سوتسىيالىستىك ئۆزگەرتىش نامى ئاستىدا خەلقنىڭ ئۆيلىرى مۇسادىرە قىلىندى، مائارىپىمىز، تىلىمىز ختايلاشتۇرۇشقا يۈزلەندۈرۈلدى. بىر مىسال: "جۇڭگۇك جۇگياك جېڭجۇ جۇينىڭ خوۋبۇ ۋېيۇەنى" (ختاي كومۇنىستلار پارتىيىسى مەركىزى سىياسىي بيوروسىنىڭ نامزاتى). بۇ 7 سۆزلۈك جۈملىدە «نىڭ» بىلەن «ى» ئۇيغۇرچە بولۇپ، قالغان ھەممىسى ختايچىدۇر. ئەگەر ماۋزېدوڭ ئۆلمەي سىياسەتتە ئۆزگىرىش بولمىسا ئىدى، تىلىمىز يوقالغان بولاتتى.

بۇ ۋاقىتلاردا جوۋ ئېنلەي، ماۋزېدوڭ، جودې باشلىق ختاي كومۇنىستلىرىنىڭ رەھبەرلىرى ئارقا - ئارقىدىن ئۆلۈشكە باشلىدى. ختايدا دېڭ شياۋپىڭ ھوقۇقنى قولغا ئالدى. 3 - ئومۇمىي يىغىن دەپ ئاتىلىدىغان يىغىندىن كېيىن ختايدا سىياسەت ئۆزگىرىپ بىر ئاز دېموكراسى بېرىلدى، "چىنچە سوتسىيالىزم (ئەمەلىيەتتە كاپىتالىزم) يۈرگۈزۈلدى. پىكىر ساھەسىدىمۇ بىر ئاز ئەركىنلىك بولدى. مەتبۇئاتلاردا، تۈرك، مىللەتچىلىك سۆز ئىبارەلىرى كۆرۈلۈشكە باشلىدى. بۇ ۋاقىتتا شەرقىي تۈركىستاندا مىللەتچىلىك بىردىنلا يېڭىدىن باش كۆتۈردى. مۇھەممەد ئىمىن بۇغرانىڭ "شەرقىي تۈركىستان تارىخى" ئاتلىق كىتابى يۇرتقا يوشۇرۇن كىرىشكە باشلىدى.

شەرقىي تۈركىستاندا ختايلارنىڭ يېرىم ئەسىر ئېلىپ بارغان ختايلاشتۇرۇش، كومۇنىستلاشتۇرۇش سىياسەتلىرى بەرباد بولدى. مىللەتچىلىك يەنە ئۈستۈنلۈك قازاندى. بارىن ئىنقىلابى... بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى.

ھازىر شەرقىي تۈركىستاندا يۈزلەرچە ختايغا قارشى مىللەتچى، ئىنقىلابىي تەشكىلاتلار قۇرۇلدى، ھەر يەردە ختايغا قارشى ئىنقىلابىي ھەرىكەتلەر باش كۆرسەتمەكتەدۇر.

دېمەككى، مۇستەملىكچىلىك، زۇلۇم، دىكتاتورلۇق، ئاسمىلياتسىئون سىياسىتى، كورتاژ (تۇغۇت چەكلەش) سىياسەتلىرى مىللەتچىلىكنى پەيدا قىلىدىغان تەبئىي ئوقۇلدۇر.

شەرقىي تۈركىستان مىللەتچىلىكى ئۇيغۇر مىللىتى ياشىسىلا داۋام قىلىدۇ. چۈنكى بۇنىڭ مەنبەئى ئۇيغۇر تۈركلىرىنىڭ تومۇرىدىكى پاك ئېسىل قېنىدىدۇر. ھېچقانداق كۈچ بۇ مىللەتچىلىكنى يوقىتالمايدۇ. يوقىتىمەن دېگەنسىرى كۈچلۈك راۋاجلىنىدۇ.

ھەممىڭلارغا ساغلىق تىلەيمەن. تەشەككۈرلەر■

مەرسىن 17- شۇبات 2001- يىلى.

# باشسىز گەۋدە



**كامىلجان**

ھەممە ئەتراپى ئىگىز ـ پەس قوم بارخانلىرى بىلەن تولغان چۆللۈكنىڭ ئوتتۇرىسىدا، قۇرۇپ قالغىنىغا تالاي يىللار بولۇپ كەتكەن بىر نەچچە تۈپ توغراق. توغراقنىڭ يېنىدىكى چۇكقۇرراق يەردە كىمدۇر بىرسىنىڭ باشسىز گەۋدىسى ئوگدىسىغا تاشلاغلىق تۇراتتى. بەلكىم قاتىل ئۆزى بىلەن بىرگە ئىلىپ كەتكەن بولسا كېرەك، ئۇنىڭ بوينى بىلەن قوشۇپ كىسىپ تاشلانغان بېشى ھېچ يەردە كۆرۈنمەيتى. مۇرىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا شەكىللەنگەن يۇملاق ئورەك ئاجايىپ قورقۇنۇچلۇق مەنزىرە پەيدا قىلغان بولۇپ، ئەتراپىدا تىتىلغان گۆش ۋە ئۇيىغان قانلار ساڭگىلاپ تۇراتتى. چۆللۈك ئاسمىنىدا لەيلەپ يۈرگەن بىر توپ قاغا ـ قۇزغۇنلار گويا بۇ مەنزىرىنىڭ دەھشىتىگە دەھشەت قوشىۋاتقاندەك ياكى بۇ نەخ ئولجىنى تاماششا قىلىۋاتقاندەك تۇيغۇ بىرەتتى. گەرچە مەن ئىلگىرى ھېكايە، چۆچەكلەردە ئاڭلىغان، فىلىملەردە بىر قانچە قېتىم كۆرگەن بولسامۇ، ئەمما باشسىز گەۋدىنىڭ بۇ قەدەر شۈركىنىشلىك بولىدىغانلىقىنى تېخى ئەمدىلا ھىس قىلىۋاتقاندەك ئىدىم.

كۆزلىرىم دەرھال سۈرەت ئاستىدىكى ئىلاۋىنى ئوقۇشقا كىرىشتى. گېزىتتە، تېپىلغىلى شۇنچە ئۇزۇن بولغان باشسىز گەۋدىنىڭ تېخىچە كىملىگى ئېنىقلانمىغانلىقى ياكى ئۇنىڭغا بىرەر ئىگە چىقمىغانلىقى يېزىلغان ئىدى. "بۇ زادى كىمدۇر؟" مەنمۇ ئويلانماي تۇرالمىدىم، دېمىسىمۇ، يېنىدا كىملىك گۇۋاھنامىسى بولمىغان ياكى قاراپ بىلەي دىسە، كىملىكىنى ئىپادىلەيدىغان چىرايى بولمىغان بىر ئادەمنى تونۇش ھەقىقەتەن ئاسان ئىش ئەمەس ـــ دە.

خىيال كەپتىرىم بىردىنلا سۈرەتتىكى چۆللۈكتىن ئۆتۈپ مىللىتىمىز ئاسمىنىدا، تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، ھازىرقى باشسىز مىللىي گەۋدىمىز ئۈستىدە ئىختىيارسىز پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى.

دەرۋەقە ئىنساننىڭ ئېسسىيادى جىسمىنىڭ ئېھتىياجى بىلەنلا بولۇپ كەتكەن چاغلاردا باش ئۆزىنىڭ قەدىر ـ قىممىتىنى يوقىتىدىكەن. بۇنداق قەدىرسىز باشلارنى ياۋلار ئاسانلا يۇلۇپ كېتىدىكەن. ئويلاپ باقسام يېقىنقى بىر قانچە ئەسىرلىك تارىخىمىزدىن بۇيان تالاي قېتىم باشلىرىمىزدىن ئايرىلىپ قاپتۇق. قانچىلىغان باشلىرىمىزنى ياۋلار يۇلۇپ كەتكەن بولسا، يەنە قانچىلىرىنى ئۆزىمىز ياۋغا يۇلۇپ بېرىپتۇق. ئېسسىيادىمىز جىسمانى ئېھتىياجىمىزدىلا بولغاچقا باشلىرىمىزنىڭ كىسىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپ، بىر نەرسە كۆرگەندەك ياكى بىر نەرسە بولغاندەك قىمىرمۇ قىلالماپتۇق.

توغرا، باش بولمىغان جىسىمدا ھارارەت بولمايدۇ. ھارارەت بولمىغان يەردە ھەرىكەتمۇ بولمايدۇ. چۈنكى جىسىمغا ھەرىكەت بەخش ئېتىدىغان ھارارەت ئىماندىن كېلىدۇ. ئەمما جىسىم ئىماننى تونىمايدۇ، مۇھەببەت ياكى نەپرەتنى بىلمەيدۇ. جىسىم دېگەندە ئاڭ بولمايدۇ، جىسمىنىڭ بىلىدىغىنى پەقەتلا ئېھتىياج، ئاچلىق ھەم ئۇسسۇزلۇق. قىسقىسى بىز باشتىنلا بىشىمىزغا ئېتىۋارسىز قاراپ كەلدۇق. شۇڭا ئاقىۋەت باشسىز قالدۇق.

بىز قىزىل جاھالەتنىڭ ئاسارىتىگە قالغان بۇ زۇلمەتلىك 56 يىل (يەنى، يېرىم ئەسىر) ھەر قانداق بىر مىللەتكە نىسبەتەن مىللى كىملىكى ۋە مىللى خاسلىقىنى يارىتالىشى ئۈچۈن جۇملىدىن ئىمان بىلەن نۇرلانغان ئۆزگىچە بىر جۇشقۇن چىرايغا سازاۋەر بولالىشى ئۈچۈن خېلىلا يېتەرلىك ئۇزۇن ۋاقىت بولۇپ ھىساپلىناتتى. ئەمما بىز زادى قانچىلىك نەتىجە يارىتالىدۇق؟ بۇ سوئالغا نادامەتلىك ئاھ ـ زارىمىزدىن باشقا جاۋاپىنىڭ چىقماسلىقى ھەممىمىزگە ئايان. ئەملىيەتتىن ئىلىپ ئېيتقاندا دۇنيا ھېلىمۇ بىزگە "بۇلار زادى قانداق كىشلەر؟" دېگەن سوئاللىق نەزىرىدە باقماقتا. بىزنىڭ باشقىلار قاداپ قويغىنىدىن باشقا، ئەنئەنە، ئېتىقادىمىزغا ماس ئۆز بىشىمىز بولمىغانلىغى ئۈچۈن دۇنيانى

www.uyghurkitap.com



ئەمەس، ھەتتا ئۆزىمىزنىمۇ رازى قىلىغۇدەك تۈزۈككىنە جاۋاپ تاپالماي ئاۋارە يۈرمەكتىمىز. ئاللاھنى رازى قىلىشتىن تېخىمۇ ئېغىز ئاچقىلى بولمايدۇ.

خېلى ئۇزۇن مەزگىل ۋەتىنىمىزدە دۈشمەنلەرنىڭ بېشىمىز ئورنىغا تەمبۇر بىلەن دۇتتارنى قاداپ قويۇپ، "جەڭگىۋار مىللەت" دېگەن ئەسلى نامىمىزنىڭ ئورنىغا "ناخشا، ئۇسۇل مىللىتى" (يەنى، ئەرلىرى غىلجىڭ، ئاياللىرى پاھىشە، تارىختىن بۇيان ئۇسۇل ئويناپ شاھ، رەئىسلەرنىڭ كۆڭلىنى ئېچىپ كەلگەن نەسلى هارامىلىق مىللەت) دېگەن ھاقارەتلىك ئاتاقنى بەرگەنلىكىدىن پەخىرلىنىپ، دۈشمەنلەرنىڭ غالىبىيەت مەرىكىلىرىدە ھەقسىز ساماغا سەكرەپ، مۇقام تووۋلاپ، پۈتۈن دۇنياغا جار سېلىپ يۈردۇق. ئەجداتلىرىمىزنىڭ دۇنيانى تىترەتكەن ئات تۇياقلىرىنىڭ دۈپۈرلەشلىرىنى ئۇنتۇپ، دۇنيانىڭ ھەممىلا يېرىدە ھەتتا ياۋروپادىمۇ ئەخلاقى نۇقتىدىن كەمسىتىلىدىغان بۇ كەسىپنى ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئېتىقادقا ئايلاندۇرۇۋېلىشقا باشلىدۇق. "بىز ناخشا ئېيتىپ تۇغۇلۇپ، ناخشا ئېيتىپ ئۆلىدىغان مىللەت" دەپ، ھەتتا قەبرىبېشىدىمۇ دۇئا – تىلاۋەتنىڭ ئورنىغا ناخشا ئېيتقۇزغىلى تاسلا قالدۇق. دۈشمەنلەرنى شاتلاندۇرۇپ، بولىشىغا تېلىقتۇرۇۋەتكەن بۇ قىياپىتىمىز دۇنيا سەھنىسىدە تەتۈر ئىنكاس پەيدا قىلىپلا قالماستىن بەلكى يەنە مىللىتىمىزنىڭ جان تومۇرى بولغان مۆھتىرەم ئانىلىرىمىزنىڭ تۈركۈم - تۈركۈملەپ ئىچكىرىگە يۆتكىلىپ، ئىپپەت بازارلىرىدا مەجبۇرى ئېلىم – سېتىم قىلىنىشىغا قانۇنلۇق يول ئېچىپ بېرىش بىلەن نەتىجىلەندى.

توغرا، بۇ تېخى قىسمىتىمىزدىكى تەتۈرلۈكنىڭ ئىنتىھاسى ئەمەس، بەلكى ئىپتىداسى ئىدى. شۇڭلاشقا دۈشمەنلەرنىڭ سۈيقەستلىك پەدىسىگە غىجەك چېلىۋاتقان باشسىز گەۋدىمىزدىكى ئاڭسىز قوللىرىمىزغا دەرھال ھەرە تۈتقۇزۇلۇپ، ھەققانىي مەۋجۇدلىقىمىزنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقان ھەرىكەتچان گەۋدىمىزنى پارچىلاشنىڭ يېڭى تىراگېدىيىسى باشلاندى. شۇنىڭ بىلەن خېلى بىر مەزگىل "گۇرۇچتىن خەۋەر يوق، پولا دەم يەپتۇ" دېگەندەك بېشىمىزدىن خەۋەر يوق، ئۇنىڭغا كەيدۈرىدىغان دوپپا، سەللە، پاگۇنلۇق شەپكىلەرنىڭ جېدىلىنى قىلىپ، ئۆز ئارا ياقا سىقىشىپ، گەۋدىمىزگە ھەرە سۈرۈشنى باشلىۋەتتۇق. شۇنداق قىلىپ شەكلى ئۆزگەرگەن يېڭىچە مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىنىڭ كونا ئۆككىرىگە قايتىدىن باشسىزلا دومىلاپ چۈشتۇق. بۇنى كۆرگەن دۈشمەننىڭ ئۇزۇندىن بېرى پوكۇلداپ تۇرغان يۈرىگى جايىغا چۈشۈپ، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ بېشىغا كېيىلىش ئالدىدا تۇرغان "تېرورلۇق" قالپىقىنى دەرھال يوق بېشىمىزغا كەيدۈرۈشىنىڭ خۇپىيانە ھازىرلىقىنى باشلىۋەتتى. ھەمدە چەتئەلدىكى گەۋدىمىزگە سىياسىي جەھەتتە دۆلەت ھالقىپ ھۇجۇم خاراكتېرلىك نەشتەر ئۇرۇشقا پېتىنالىدى. بىزنىڭ پۈتۈن ئىسسىيادىمىز ئۆز ئارا قالپاقچىلىق قىلىشقىلا مەركەزلىشىپ قالغان بولغاچقا، چەتئەللەردىكى ھەر قايسى ئۇنىۋېرسىتېتلارنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيا تەتقىقات مەركەزلىرى، سىياسىي جۇغراپىيە ۋە سىياسىي ستراتېگىيە تەتقىقات تارماقلىرى بىلەن ھەمكارلىشىش، ياكى شۇنداق تەتقىقات مەركەزلىرىنى ئۆز ئالدىمىزغا قۇرۇپ چىقىش ۋە شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئىچكى، تاشقى سىياسىيتىگە ئۈنۈملۈك تەسىر كۆرسىتىشتەك مۇھىم ۋەزىپىمىز تاشلىنىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن بىر قىسىم دۆلەتلەردىكى پايدىلىق تەييار سىياسىي شارائىتىمىزنى ۋە ئاخبارات ساھەسىدىكى سىياسىي ئەۋزەللىكىمىزنى ئاستا – ئاستا دۈشمەنگە تارتقۇزۇپ قويۇشقا باشلىدۇق. نەتىجىدە دۈشمەنگە نىسبەتەن ھۇجۇمدا تۇرۇۋاتقان سىياسىي ئەۋزەللىكىمىز بىردىنلا مۇداپىئە ھالىتىگە ئۆتۈپ قالدى، مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى يەنىلا شۇ باشسىزلىقىمىز ۋە ئۇيۇشالماسلىقىمىزدىن بولدى. ئەجىبا، ئىختىلاپ ئورنىغا ئىتتىپاقنى بەرپا قىلىشىمىز ئۈچۈن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدىنىگە ھىجرەت قىلغاندىن كېيىن ئەڭ دەسلىۋىدە ئەتراپىتىكى يەھۇدى، خىرىستىيان، بوددىست قاتارلىق غەيرى دىندىكى قەبىلىلەر بىلەن "ئۆز ئارا قارشىلاشماسلىق"، "ھەربى ھەمكارلىق" ، "بىتەرەپ بولۇش" قاتارلىق كېلىشىملەرنى تۈزگەنلىكى ❶ بىزگە نىسبەتەن ئېتىقادى جەھەتتىن ئاساس، ئىنقىلابى جەھەتتىن مەشئەل بولالماسمىدى؟ "ئىنسانىيەت تارىخىدىكى تۇنجى يازما دۆلەت ئاساسىي قانۇنى" دەپ، پۈتۈن دۇنيا ئېتىراپ قىلىۋاتقان (پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تۈزگەن) "مەدىنە ئەھدىنامىسى" ❷ بىزنى قايىل قىلالماسمىدى؟ غايە بىلەن پائالىيەت، ئېھتىياج بىلەن ئەمەلىيەت ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ قانداق تەڭشىگەنلىكىدىن ئىبارەت بۇ ھېكمەتلىك سۈننەتنى بىزنى ئورتاق نىشان ئۈچۈن بىردەك ھەرىكەتلەندۈرىدىغان ئۈرنەك بولالماسمىدى؟ ھالبۇكى، ئۇيغۇرلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇسۇلمانلىقنىڭ ئورتاق داۋاگەرلىرىغۇ؟

❶ ئەينى چاغدا گەرچە مۇسۇلمانلارنىڭ جۇغراپىيىلىك تېرورتورىيەسى مەدىنىدىن ھالقىمىغان بولسىمۇ، ئەمما سىياسىي تېرورتورىيەسى شۇ قېتىمقى كېلىشىملەرنىڭ خاسىيىتى بىلەن ھەتتا مەككىنىڭ دەرۋازىسىغىچە كېڭەيگەن. سىياسىي نۇقتىدىن مەككىدە كىشىنىگەن ئاتنىڭ ئاۋازىنى مەدىنىدە ئولتۇرۇپ ئاڭلىيالايدىغان دەرىجىگە يەتكەن.
❷ بۇ ئەھدىنامىگە يەھۇدى، خىرىستىيان ۋە باشقا ھەرقايسى غەيرى دىندىكى قەبىلىلەر ۋەكىللىرىدىن جەمى 44 كىشىنىڭ ئىمزاسى قويۇلغان. ھەمدە مۇشۇ ئەھدىنامە ئاساسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رەھبەرلىكى بىلەن مەدىنىدە تۇنجى ئىسلام دۆلىتى قۇرۇلغان

دەرۋەقە، ئېتىقادلاشمىغان كۆرەشتە ھەر ئىككى دۇنيالىق غەلىبىنىڭ ھەرگىز مەۋجۇت بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتنى تونۇپ يەتكەنلەر ئارىمىزدىن چىققاندەك قىلسىمۇ، ئەمما زامان بىلەن ماكانغا يۇقىرىقى سۈننەت بويىچە مۇناسىپ پوزىتسىيە تۇتالايدىغان ھەقىقىي بىر رەھنىما باش چىقمىغان ئىدى. شۇڭا ئاللاھنىڭ مۆجىزىسى ھەم ئۆزگەرمەس تەبىئەت قانۇنىيىتى بولغان "مىللىي مۇھەببەت" بىلەن شەيتاننىڭ مىكرىسى بولغان "مىللىي ئەسەبىيەت" بىر - بىرىگە ئارىلاشتۇرۇپ قويۇلدى. ئارىمىزدىن «ئىسلامدا مەنئىي قىلىنىدىغان مىللىي ئەسەبىيەت ئۆز قەۋمىنىڭ ۋە ئۆز ۋەتىنىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىككىنچى بىر مۇسۇلمان قەۋمنى ۋە ئىككىنچى بىر مۇسۇلمانلار ۋەتىنىنى زىيانغا ئۇچرىتىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەمما بىزنىڭ ھۆرلىكىمىز دۇنيادىكى ھېچقايسى مۇسۇلمان قەۋمنىڭ پايدا - مەنپەئەتىگە تاقاشمايدۇ، بەلكى شەرەپ كەلتۈرىدۇ. شۇڭا بىزگە مىللەتچى، ۋەتەنپەرەس، ئىسلامچى، دېگەن قالپاقلارنى كەيدۈرۈشكە قەتئىي بولمايدۇ.» دەپ مەردانە جاكالىيالايدىغان ئاڭلىق رەھبەرلەر چىقمىغان ئىدى.

1947 - يىللىرى مىسىردىمۇ "مىللەتچى، ۋەتەنپەرەس، ئىسلامچى" دېگەن پىتنە باش كۆتىرىپ چىقىپ، يەھۇدىيلارنىڭ پەلەستىندىكى تاجاۋۇزچىلىقىغا قارشى جان تىكىپ كۆرەش قىلىۋاتقان خەلق مۇجاھىدلار سېپىنى پارچىلاشنىڭ تىراگېدىيىسى باشلانغاندا، ئۇستاز ھەسەنۇل بەننا (ئاللاھ ياتقان يېرىنى جەننەتتە قىلسۇن) «مىللەتچىلىكنىڭ مەقسىدى مۇسۇلمان مىللەتنى كۇففارلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلدۇرۇشلا بولىدىكەن ئۇمۇ ئوخشاشلا جىھاد. ۋەتەنپەرەسلىكنىڭ مەقسىدى مۇسۇلمانلارنىڭ جانى - جان ۋەتىنىنى كۇففارلارنىڭ ئاياق ئاستى قىلىشىدىن قۇتۇلدۇرۇشلا بولىدىكەن، ئۇمۇ ئوخشاشلا جىھاد» ❸ دېگەن ھېكمەتلىك جاۋابنى دەرھال ئوتتۇرىغا قويۇش ئارقىلىق مۇجاھىدلارنىڭ بىرلىگى ھەم جەڭگىۋارلىقىنى ساقلاپ قېلىشقا، جۇملىدىن يەھۇدىيلارنىڭ رەزىل شۇملىقىنى ئىشقا ئاشۇرماسلىقىقا ئۈنۈملۈك تىرىشقان ئىكەن. ئەمما بىزدە ئۇنداق ئالدىن كۆرەر، دانا پىكىرلىك داھىلار چىقمىغان ئىدى. مانا ئەمدىلىكتە بولسا، ھەممىمىز دېگۈدەك نۆۋەتتىكى پارچىلانغان مىللىي گەۋدىمىزگە ھارارەت ۋە ھەرىكەت بەخش ئېتەلەيدىغان بىر باشنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلماقتىمىز. ئەمما يەنە بىر قىسىم قېرىنداشلىرىمىز تېخىچە قالپاقچىلىقنىڭ غىمىدىن ئۆزىنى ئازاد قىلالماي، بىھۇدە ھۆرپىيىپ يۈرمەكتە. ئەجىبا ئۇلار باشسىز جىسىمدا ھەرىكەت بولمايدىغانلىقىدىن ئىبارەت ئەقەللى ساۋاتتىنمۇ مەھرۇممىدۇ؟!

قېرىنداشلىرىمغا تەۋسىيەم شۇكى، بەس، يېتەر. ئەمدى قىلمىشىمىزدىن ساۋاق ئالايلى، ھەممىمىز ھەر ياندىن باش چىقىرىپ، يەتتە باشلىق يالماۋۇزغا ئايلىنىۋالماي، پەقەت بىرلا باش چىقىرىپ ھەقىقىي ئىنسانغا ئايلىنىشنىڭ غېمىنى قىلايلى! شۇنىسى ئېنىقكى، باش دېگەن بىر يەردىن ئىزدەپ تېپىپ، قادىۋالغىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس. ھەمدە دەماللىققا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىن ئىمام مەھدىنىڭ چىقىپ قېلىشىمۇ ناتايىن. ئەمما بىز ئىددىيىمىزنى ئەيىپ تېپىشقا ئەمەس، ئەيىپ يېپىشقا، دوست بىلەن ئەمەس، دۈشمەن بىلەن كۆرەش قىلىشقا مەركەزلەشتۈرەلىسەك، ھەممىمىز ئۆزىمىزنى دەڭسەپ «قولۇمدىن نېمە ئىش كېلىدۇ؟ دوستقا قانچىلىك پايدا، دۈشمەنگە قانچىلىك زىيان سالالايمەن؟» دېگەن ئۆلچەم بويىچە خىزمەت قىلىشنىلا مەقسەت ھەم نىشان قىلالىساق، تەبىئىي ھالدا بىر باشنىڭ رەھبەرلىكىگە ئۇيۇشقاندەك بولىمىز. مانا بۇ بىزنى دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئالىي مەرتىۋىگە ئىگە قىلىدىغان، جۈملىدىن نۇرلۇق چىرايغا سازاۋەر قىلىدىغان بىردىن - بىر توغرا يول بولۇپ قالىدۇ.

بۇ يەردە مىسال ئۈچۈن شۇنىمۇ قىستۇرۇپ ئۆتۈشكە بولىدۇكى، مەلۇم بىرەيلەن دۈشمەن قولىغا چۈشۈپ قېلىپ، سوراق قىلىنغاندا، ئۇلارنىڭ «تۇخۇمنى تاشقا ئۇرغاننىڭ نېمە پايدىسى؟ ئاقىۋەت تۇخۇمنىڭ چېقىلغىنى چېقىلغان» دېگەن كۆرەڭلەشلىرىگە «شۇنداق، گەرچە تۇخۇم چېقىلىپ كەتسىمۇ، تاشنى شالتاق قىلغىنى قىلغان» دەپ، مەردانە جاۋاپ قايتۇرۇش ئارقىلىق ھەرقانداق بىر ئۇيغۇردا بولۇشقا تېگىشلىك ئۆتكۈر دۈشمەن قارشىنى ئىپادىلەپ بەرگەن ئىكەن. بىز بۇ سۆزدىن ئۆزىمىزگە نىسبەتەن خىزمەت قىلىشتىكى ئەڭ ئەقەللىي نىشاننى بېكىتىۋالالايمىز. شۇنىسى ئېنىقكى، ئىنقىلاب دېگەن قارشىلىق بىلدۈرۈشنىڭ نەرە، چۇقانى ئەمەس، بەلكى ئەمەلىي ھەرىكەت ۋە ئۈنۈملۈك پائالىيەتنىڭ ئۈزلۈكسىز دولقۇنى. شۇڭا ئاي شارىغا چىقىۋېلىپ، پۈتكۈل يەر شارىنىڭ ئۇلۇغۋار مەسئۇلىيەتلىرىنى ئۈستىمىزگە ئېلىۋالماي، يەر شارىدا تۇرۇپ، ئاددى بولسىمۇ ئۆز مەسئۇلىيىتىمىزنى ئۆتەيلى! ■

10-03-2005

❸ دوكتور يۇسۇف قەرزاۋىنىڭ "مۇسۇلمان قېرىنداشلار پارتىيەسىنىڭ ياشلارنى تەربىلەش تۈزۈلمىسى" دېگەن كىتاۋىنىڭ "ۋەتەنپەرەسلىك ۋە مىللەتچىلىك مەسىلىسى" دېگەن بابىدىن ئېلىندى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com






**تەھرىر ئىلاۋىسى: ۋەتەن ئىچى- سىرتىدا ناھايىتى زور غۇلغۇلا پەيدا قىلغان "ياۋاكەپتەر" ناملىق بۇ ھېكايە توغرىسىدا ئاڭلىمىغان ئوقۇرمەنلەر كۆپ بولمىسا كېرەك. مەزكۇر ئەسەر قەشقەر ئەدەبىياتى ژۇرنىلىنىڭ 2004- يىللىق 5- سانىغا بېسىلغان بولۇپ، نەۋرۇز ئەدەبىيات مۇكاپاتىغا يوللانغان. ئەمما خىتاي جاللاتلىرىنىڭ ياۋۇز تەبىئىتى ئۇيغۇر خەلقىنى بىر پارچە ياخشى ھېكايىنى ئوقۇشتىنمۇ مەھرۇم قىلدى. ژۇرنال يىغىۋېلىندى. يازغۇچى نۇرمۇھەممەد ياسىن ئۆركىشى بۇ ھېكايىسى ئۈچۈن 10 يىللىق قاماق جازاسىغا ئۇچرىدى. ئەسەرنىڭ ئاپتورى ھازىر كىشىلىك ھوقۇقنى دەپسەندە قىلىشتا دۇنيا رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىغان خىتاي كومىنىستلىرىنىڭ زەي زىندانلىرىدا قاماقتا. بۇنى بىر پارچە ھېكايە دېسىمۇ، بىر مىللەتنىڭ تارىخى، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكى توغرىسىدا بېرىلگەن يوشۇرۇن سىگنال دېسىمۇ بولىدۇ. بىزچە بۇنداق ياخشى ئەسەرنى قايتا ئېلان قىلىش بىر ياخشى ئىش. شۇڭا بۇنى تەكرار ئوقۇرمەنلەرگە سۇندۇق.**

يەنە ئاشۇ كۆپكۆك ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرگۈدەكمەن. ئوگۇممۇ- چۈشۈممۇ ياكى ھەر ئىككىلىسى ئەمەسمۇ بىلمىدىم. قانىتىم ئاستىدا غۇر-غۇر شامال ئۇچۇپ ئۆتمەكتە. مەن ھازىر ناھايىتى روھلىنىپ كېتىۋاتاتتىم. ۋۇجۇدۇمدا كۈچ-قۇۋۋەت ئۇرغۇپ تۇراتتى. زەڭگەررەڭ ئاسمان، پارلاق قوياش نۇرىغا چۆمۈلگەن بىپايان دۇنيا. بۇ نەقەدەر گۈزەل مەنزىرە-ھە؟ مەن تېخىمۇ روھلىنىپ يەنىمۇ ئېگىز ئۆرلىدىم. كۆز ئالدىمدىكى بۆلجۈرگەنزار غايىب بولدى. ئەمدى ماڭا دۇنيا تېخىمۇ كەڭرى بېيىلىپ كۆز ئالدىمدا بىر يېشىل داستىخاندەك ئوچۇق نامايەن بولدى. بۇ ئىلگىرى مەن كۆرۈپ باقمىغان مەنزىرە، مەن كۆرۈپ باقمىغان جايلار ئىدى. لېكىن، مەن ئۇ يەرگە ئۆز ماكانىمدەك مۇئامىلە قىلدىم. ھەممە يەر ئوخشاشلا گۈزەل كۆرۈنەتتى.

تۇيۇقسىز ئالدىمدا مەھەللىلەر، ئۆيلەر كۆرۈندى. پەستە ئۇششاق نەرسىلەر قىمىرلاپ يۈرەتتى. مەن ئۇنىڭ ئانام سۆزلەپ بېرىدىغان ئادەملەر ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. لېكىن، ئۇلار ماڭا ئانچە خەتەرلىك ئەمەستەك كۆرۈندى. ئانامغا قېرىلىق يەتكەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلىدىم. يەردە بىچارىلەرچە ئۆمىلەپ يۈرگەن ئاشۇ جانلىقنىڭ كۆكتە ئۇچۇپ يۈرگەن بىزدىن قۇدرەتلىك ئىكەنلىكىگە زادىلا ئىشەنگۈم كەلمىدى. بەلكىم مېنىڭ ئۇلارنى چۈشىنىشكە كاللام يەتمىگەن بولۇشى مۇمكىن. ئىشقىلىپ مەن ئادەملەرنى ئۇنچە خەتەرلىك ھېس قىلمىدىم. ئانام:«ئادەملەرنىڭ قورسىقىدا ھۈنىرى جىق، پەخەس بولمىساڭ ئۇلار سېنى بىردەمدىلا مەھبۇسقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ.» دېگەنىدى. بىردىنلا مېنىڭ ئۇلارنىڭ قورسىقىدىكى ھۈنىرىنى بىر كۆرۈپ باققۇم كەلدى. نېمىشقا ئۇلارنىڭ ھۈنىرىنى قورسىقىغا سولىۋالىدىغانلىقىغا ئەقلىم يەتمىدى. ئاستا- ئاستا پەسلەپ مەھەللە ئەتراپىنى ئايلىنىشقا باشلىدىم. ماڭا ئەمدى ھەممە نەرسە ئېنىق كۆرۈندى. بۇ يەردە ئادەملەردىن باشقا قوي- كالا، توخۇ، ئىشقىلىپ مەن كۆرۈپ باقمىغان نۇرغۇن نەرسىلەر بار ئىدى. بىر توپ كەپتەرلەر ئاسماندا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئاز بىر قىسمى بولسا، كەپتەرلەر قونۇش ئۈچۈن ياسالغان پەغەز دېگەن

نەرسىگە قونۇپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش ئۈچۈن يېنىغا كېلىپ قوندۇم. پاراڭلىشىش ئۈچۈن قوندۇممۇ ياكى ئارام ئېلىش ئۈچۈن قوندۇممۇ بۇ ئېنىق ئېسىمدە يوق ئىدى. شۇ چاغدىكى تۇيغۇم بەك خىرە ئىدى. ئىشقىلىپ مەن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىغا قىزىقىپ قالغان ئىدىم.

- قەيەردىن كەلدىڭ؟ - دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېشى چوڭراق بىرسى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ توپنىڭ ئىچىدىكى باشلىقى ئەمەسلىكىنى جەزم قىلالمىدىم. ئۇنىڭ نېمە بولۇشى مەن ئۈچۈن بەربىر ئىدى. چۈنكى مەن بۇ توپنىڭ ئەزاسى بولمىغاچقا ئۇنىڭ ماڭا نىسبەتەن ھېچقانداق ئەھمىيەتكە ئىگە تەرىپىنى بايقىغىلى بولمايتتى.

- بۆلجۈرگەن سايدىن،- دېدىم مەن.

- بوۋامدىن ئاڭلىغان. بىزنىڭ ئەجدادىمىز ئاشۇ يەرلىك ئىكەن، بىراق مەن ئۇ يەرنىڭ بىزدىن نەچچە ئايلىق يىراقلىقىنى ئاڭلىغان، ئادەتتە بىز نەچچە كۈنلۈك يولغا ئۈچۈپ بارالمايمىز. بەلكىم سەنمۇ نىشاندىن ئادىشىپ قالدىڭغۇ دەيمەن.

مەن ئۇنىڭ نەچچە كۈنلۈك ئارىلىقنىمۇ ئۈچالمايدىغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. بەلكىم قېرىلىق يەتكەندۇ، دەپ ئويلىدىم. ئۇ دېگەن بۆلجۈرگەن ساي مەن كەلگەن بۆلجۈرگەن ساي شۇمۇ- ئەمەسمۇ ئېنىق ھۆكۈم قىلالمىدىم. ئەگەر ئۇنىڭ بوۋىسى مەن كەلگەن سايدىن كەلگەن بولسا دېمەك بىز بىر جەمەت تۇققان بولۇپ قالاتتۇق.

- مەن بۇ يەرگە ئېزىپ قېلىپ ئەمەس بەلكى، ئۈچۈشنى مەشىق قىلىۋېتىپ كېلىپ قالدىم. بىر نەچچە كۈنگىچە بىر نەرسە يېمەيمۇ ئۈچالايمەن،- دېدىم جاۋابەن. ئۇ ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ قويدى.

- بەلكىم سەن ياۋا كەپتەر ئوخشايسەن. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شۇنداق دېيىشىدۇ. بىراق بىزدە ئۇنداق جەڭگىۋارلىق يوق. پەقەت قونداق ۋە قەپەزدىن باشقىنى ئويلىمايمىز. مەنمۇ مۇشۇ مەھەللىدىن نېرىغا ئۆتۈپ باقمىدىم. ئۆتۈپ نېمە كەپتۇ. قوناي دېسەڭ پەغىزىڭ، ياتاي دېسەڭ قەپىزىڭ تەييار تۇرسا جاپا تارتىپمۇ ئىشمۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە بالا - چاقىلىق بولۇپ قالدىم؟ ئەمدى ئۇچۇپ نەگە بارارمەن. ئىگىمىزمۇ ياخشى قاراۋاتىدۇ.- يېشى چوڭ كەپتەر تومشۇقى بىلەن پەيلىرىنى تاتىلاپ قويدى.

- ئاڭلىسام ئادەملەر بەك قورقۇنچلۇقكەن. ئۇلار بىزنى تۇتۇۋالسا روھىمىزنى قۇل قىلارمىش دەيدۇ، بۇ راستمۇ؟

- روھ؟ - يېنىمدىكى بىر كىچىك كەپتەر ھەيران قالدى،

- بوۋا، روھ دېگەن نېمە؟

ئۇنىڭ روھنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىگىنىدىن مەن تېخىمۇ ھەيران قالدىم. بۇ كەپتەرلەر بالىلىرىنى قانداق تەربىيىلەيدىغاندۇ؟ روھى بولمىغان ھاياتلىقنىڭ نېمە كېرىكى، روھسىزلىق ئۇلارنى قانداق ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان- ھە؟ ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنى چۈشەنمەيدىغاندۇ. گەرچە روھنى، ئەركىنلىكنى سوۋغا قىلغىلى، تىلەپ ئېرىشكىلى بولمىسىمۇ، بىراق بۇ بىچارە كەپتەرلەرگە روھى ئەركىنلىككە ئىگە بىر ماكانىنىڭ نەقەدەر زۆرۈرلىكى چوڭقۇر ھېس قىلدىم. ئۇلار روھ دېگەن سۆزنى ئەسلا ئاڭلاپ باقمىغاندەك قىلاتتى. يېشى چوڭ كەپتەر ھېلىقى سوئال سورىغان كەپتەرنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ سۆزلەشكە باشلىدى.

- روھنىڭ نېمىلىكىنى مەنمۇ بىلمەيمەن. ئۇنى مەنمۇ بوۋامدىن ئاڭلىغان. ھازىر ئىككىنچى قېتىم ئاڭلىشىم.بوۋامغىمۇ بوۋىسى دەپ بېرىپتىكەن. بەلكىم بوۋىسىغىمۇ بوۋىسى دەپ بەرگەن بولسا كېرەك. بوۋام ھەمىشە «بىزدە روھ يوقالغىلى بەك ئۇزۇن زامانلار بوپتىكەن» دەيتتى. بەلكىم بۇ كەپتەرنىڭ دەۋاتقىنى يوقالغىلى بەك ئۇزۇن بولغان ئاشۇ روھ بولسا كېرەك. بىزدە ھازىر روھ دەيدىغان نەرسىنىڭ سايىسىمۇ قالمىدى.

يېشى چوڭ كەپتەر ماڭا يۈزلەندى.

- دەپ باقە ئوغلۇم، سەن ئۇنىڭ قانداق نەرسىلىكىنى بىلەمسەن؟

مەن گاڭگىراپ قالدىم. ئۆزۈم دېگەن سۆزگە ئۆزۈم جاۋاب بېرەلمەي قالارمەنمىكىن دەپ ئەندىشە قىلدىم.

- ياق ھازىرچە بىلمەيمەن، بىراق ئانام سەندە داداڭنىڭ باتۇرلۇق روھى بار، ئۇ كۈنسېرى پىشىپ يېتىلىۋاتىدۇ، - دېگەن. ئۇ پىشىپ يېتىلسە چوقۇم بىلىۋالىمەن.

- ھە، دېمەك سەندە ئاتاڭنىڭ روھى يېتىلىۋېتىپتۇ. ئەمما ئاتىلار ئەمەس بىر پۈتۈن كەپتەرلەر جەمەتىنىڭمۇ روھى ئاللىبۇرۇن يوقالغان. ئانىمىز بىزگە ئەزەلدىن روھ توغرىلىق سۆزلەپ بەرمىگەن. ئاتىلىرىمىزدىنمۇ ھېچقاندا بىرەر بىشارەت ئىشىتمىدۇق. ھازىرقى دەۋرگە كەلگەندە مەن بۇ سۆزنى باللارغا سۆزلەپ بېرىشنىمۇ ئۇنتۇپ قاپتىمەن. شۇڭا بىز روھسىزلىق دەۋرىگە ئاللىقاچان قەدەم قويۇپتىمىز. ھەي، ئاشۇ يوقالغان روھىمىزنىڭ زادى قانداقلىقىنى تېپىۋالغان بولساق بەك ياخشى بولاتتى. بوۋاي ئېغىر خۇرسىندى.

- سىلەر مۇشۇ روھسىزلىقىڭلار تۈپەيلى ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئادەملەرگە قۇل بولۇپ ئۆتىسلەر. ئۇلارنىڭ خالىغان چاغدا يەيدىغان تائامىغا ئايلىنىسلەر. ئۇلار سىلەرنى قۇللۇقتا شۇ دەرىجىگە چۈشۈرۈپتۇكى قويۇپ بەرسىمۇ ھېچيەرگە بارالماي ئۇلارنىڭ تەۋەلىكىدىلا ئۈچىدىكەنسىلەر. كىچىككىنە داندىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىماي ئەۋلادلىرىڭلارنىمۇ ئۆزۈڭلاردەك قۇللۇققا تۇتۇپ بېرىپسىلەر. سىلەرگە بىزلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com



كەپتەرلەر توپىدىكىدەك بىر باشچى كېرەككەن. بىراق، بۇ ئەپتىڭلاردا سىلەردىن ئۇنداق بۈيۈك ئۈمىد كۈتكىلى بولمىغۇدەك. سىلەر ئالدى بىلەن روھىڭلاردىكى ئاشۇ قۇللۇقنى يوقىتىشىڭلار كېرەك. ئەڭ مۇھىمى سىلەر روھنىڭ ئېمىلىكىنى بىلىۋېلىڭلار. سىز ئېمىشقا مەن بىلەن بېرىپ ئانامدىن سوراپ كۆرمەيسىز؟ - دېدىم مەن يېشى چوڭ كەپتەرگە ھېسداشلىق قىلىپ، مەن بوۋاينىڭ بىلىۋېلىشىنى ئىزدىدىمۇ ياكى ئۆزۈم بېلىۋېلىشنى ئويلىدىمۇ تازا ئېنىق ئەمەس ئىدى. بەلكىم ھەر ئىككى خىل ھېسسىيات ۋۇجۇدۇمدا تەڭ قوتراۋاتقاندۇ.

- بىر پۈتۈم گۆرگە ساڭگىلىدى. شۇنداق بىخەتەر قەپىزىم تۇرۇپ، روھ ئىزدەپ نەگە بارىمەن. يەنە كېلىپ مەن روھنىڭ نېمىلىكىنى بىلمىسەم، ئۇنى تاپسامۇ نېمە پايدىسى، قارا، روھ بولمىسا نېمە بوپتۇ، يەنىلا مۇشۇ قەپىزىم بىخەتەر ياشىغىلى بولىدىكەنغۇ. يەنە كېلىپ ھېچنېمىگە ئەس قاتمايدىغان روھ دېگەن ئۇ نەرسىنى كۆتۈرۈپ يۈرۈش نەقەدەر جاچالىق.

يېشى چوڭ كەپتەرنىڭ سۆزلىرىنى ئويلاپ كەتتىم. ئۇنىڭ دېگىنى بىر تۇرۇپ توغرىدەك، بىر تۇرۇپ خاتادەكمۇ قىلاتتى. ئەمما ھېچقانداق ياشاش ئېتىقادى ۋە روھى بولمىغان بىر كەپتەر بىلەن روھ توغرىلىق سۆزلىشىش ماڭا نومۇسلۇق ئىشتەك تۇيۇلۇپ كەتتى. بېرىپ بۇ مەسىلىنى ئانامدىن سوراپ باقاي، دەپ ئويلىدىم.



بىر توپ كەپتەرلەر يېنىمىزغا كېلىپ قوندى. ئاندىن ئۆز ئارا گۇگۇلاشتى. ئۇلارنىڭ بەزى سۆزلىرىنى پەقەت ئۇقمۇدۇم. بەلكىم ئۆز تىلدا سۆزلەشسە كېرەك. ئادەتتە بىز تەرەپلەرگىمۇ بەزىدە مۇشۇنداق ياقا يۇرتلۇقلار كېلىپ قالاتتى. ئۇلار كىملەر؟ يېشى چوڭ كەپتەرنىڭ دوستىمۇ ياكى جەمەتىمۇ بىلمىدىم. مەن بىلەن سۆزلەشمەكچىمۇ ياكى ئۆز ئارا پاراڭلىشىۋاتامدۇ پەقەتلا ئۇقمۇدۇم.

- ياخشىمۇ سەن قوزام، - يېشى چوڭ كەپتەر يېنىدىكى كىچىك بىر كەپتەرنىڭ پەيلىرىنى چوقۇلاپ ئەركىلىتىپ قويدى.

- ياخشى ئەمەس، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى. نېمىشقا ئانام ئەمدى دان بەرمەيدۇ؟ ئۇ دان ياكى قوناق دېگەندەك بىر ئىسمىنى ئېيتتى. بەلكىم تېرىق ياكى كەندىر دېگەندۇ. ئىش قىلىپ مەن بىلمەيدىغان ياتلا ئىسىم ئىدى. ھەي، ئادەملەر باشقۇرغان كەپتەرلەر قىزىقكەن. يەيدىغان نەرسىلەرگىمۇ « ھەر خىل ئىسىم قويۇپ يۈرىيدىكەن، دەپ ھەيران قالدىم.

- ئاناڭ ئەمدى يېڭى ئۇكىلىرىڭنىڭ دۇنياغا كېلىشى ئۈچۈن قۇۋۋەت توپلىمىسا بولمايدۇ. ئادەم كېلىپ دان سېلىپ بەرگۈچە ساقلا، بولامدۇ؟

- ياق، ساقلىيالمايمەن. دالىغا بېرىپ ئۆزۈم دان تېپىپ يەپ كېلىمەن.

- ئوبدان قوزام، گېپىمنى ئاڭلا. ئۇ يەرگە بارساڭ بەك خەتەرلىك. سېنى ئەسكى ئادەملەر تۇتۇپ يەپ كېتىدۇ. بارما بولامدۇ؟!

كىچىك كەپتەر دومسىيىپ جىم بولۇپ قالدى. قارىغاندا بۇ توپتىكىلەر مۇشۇ قېرى كەپتەرنىڭ گېپىنى بەكرەك ئاڭلايدىغاندەك قىلاتتى. مەن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى تۇتۇپ يەپ كېتىدىغان ئاشۇ ئادەملەر بىلەن يەنە بىرگە ياشىشىنى پەقەتلا كاللامغا سىغدۇرالمىدىم. بەلكىم مەن يېيىش دېگەن سۆزنى خاتا چۈشىنىپ قالغاندىمەن. بەلكىم بۇ ياخشى قارا دېگەن سۆزدەك بىر سۆز بولۇشىمۇ ئېھتىمال. ياكى بۇ چەت تىلدىن كىرگەن سۆز بولسا مەن مەنىسىنى خاتا ئىستېمال قىلىۋالغان بولۇشۇم مۇمكىن. بىراق بۇ مېنىڭ ئويۇمچە ھەممە كەپتەر بىلىشكە تېگىشلىك مۇھىم سۆز ئىدى. ئاناممۇ ھەمىشە ماڭا ئادەملەرنىڭ تۇتۇۋېلىشىدىن، يەپ كېتىشىدىن ھەزەر ئەيلەشنى جېكىلەيتتى. بىراق، ھازىر بۇ سۆزنىڭ مەنىسى بۇ يەردە باشقىچىگە ئۆزگىرىپ قالغاندەك قىلاتتى. چۈنكى، ئۇلار ئادەملەرنىڭ يېيىشىدىن ھەزەر ئەيلىسە ھەرگىز يەنە ئادەملەر بىلەن بىرگە تۇرمايتتى. قانىتىغا تايىنىپ خالىغان يەرگە ئۇچۇپ كەتسە بولۇۋېرەتتى. بىراق ئۇلار قانىتىنىڭ بارلىقىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغان بولسا كېرەك. بەلكىم ياشاپ كۆنۈپ قالغان قەپەزدىن ئايرىلىشنى خالىماسلىقىمۇ مۇمكىن.

- ئۇنداقتا بىزنىڭ ئىگىمىز ياخشىمۇ؟

كىچىك كەپتەر قېرى كەپتەردىن سوئال سوراشقا باشلىدى.

- ئەلۋەتتە ياخشى.

- بىراق، ئۇمۇ بىزنى باشقا ئادەملەردەك خالىسا تۇتۇپ يەيدىغۇ؟

- بۇ دېگەن ئوخشىمايدۇ. ئۇ بىزنى قەپەز ئىچىدە باققاندىكىن تۇتۇپ يېسە ھەقلىق. بۇنىڭغا ھېچقايسىمىز قارشىلىق قىلساق بولمايدۇ.

مەن ئاخىرى يېيىش دېگەن سۆزنىڭ ئىستېمال مەنىسىنىڭ ئوخشاشلىقىنى. باياتىن ئارتۇقچە گۇمان قىلىپ يۈرگىنىمنى چۈشەندىم.

- بىراق ئىگىمىز بەرگەن دانلارنى چوڭلار يەۋېلىپ ماڭا ئاشمىسا. مەن قانداق قىلىمەن؟ مەن كۈنسېرى ئورۇقلاپ، ياشاشقا ئامالسىز قېلىۋاتىمەن.

ــ سەنمۇ ئاستا - ئاستا شۇنداق چوڭ بولسەن. چوڭلاردىن قانداق يېپىش كېرەكلىكىنى ئۆگىنىسەن. يېپىشكە تېگىشلىك نەرسىنى ھەرگىز باشقىلارغا بەرمەيدىغان بولىسەن. بىز باشقىلار مۇشۇنداق ئوغلۇم.

- بىراق، بوۋا.

- بولدى قوزام، جىق سۆزلەپ كەتتىڭ كەپتەر دېگەن قانائەتچان بولۇشى كېرەك، ئارتۇقچە نەرسىلەرنى تالاشماسلىق لازىم. بىلدىڭمۇ؟

- ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى بەك بوغۇۋاپسىز، - دېدىم مەن، - ئۇنىڭغا تېخىمۇ كەڭرەك ئىمكانىيەت بېرىڭ. ئۇ ئۆز ئەركى بويىچە ياشىسۇن.

مەن قېرى كەپتەرنىڭ سۆزىگە سۆز قىستۇرۇشنى خالىمىساممۇ بىراق سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋەرگۈم كەلمىدى. بۇنداق تەگىسىز مۇھىت مېنىڭچە كەپتەرلەرنىڭ بىر - بىرىگە بولغان مېھرىبانلىقىنى يوقىلىش خەۋپىگە باشلاپ باراتتى.

ــ ھەي، سىز بىزنىڭ ۋەزىيىتىمىزنى چۈشەنمەيسىز. ئىگىمىزنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قويساق بولمايدۇ. ئەگەر بىرەرسىمىز ئۇنىڭ بەلگىلىگەن دائىرىسىدىن ھالقىپ يوقاپ كەتسەك ئۇ ھەممىمىزنى قەپەز ئىچىگە سولىۋېتىدۇ. نەچچە ئايغىچە سىرتقا چىقالمايدىغان گەپ. ئۇ چاغدا ھازىرقى مۇشۇ كىچىككىنە قونداقتىنمۇ ئايرىلىپ قالىدىغان ئىش چىقىدۇ.

قەپەزنىڭ زادى قانداق نەرسىلىكىگە پەقەت ئەقلىم يەتمىدى. كەپتەرلەر ئۇنىڭغا سولىنىپ قېلىشتىن ھەم ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بەك قورقىدىكەن. كەپتەرلەرنىڭ ئەڭ چۈشىنىكسىزى ئادەملەر ئارىسىدىكى كەپتەرلەركەن دەپ ئويلىدىم. بۇ ئويۇمنى بوۋامغا بىلدۈرگۈم كەلدى. بىراق دېدىممۇ - دېمىدىممۇ ھازىر ئېسىمدىن كۆتۈرۈلۈپ كېتىپتۇ. بەلكىم بىر ئېغىزمۇ رەددىيە ياكى ماقۇللۇق سۆزى بىلدۈرمىدى.

- سىلەر چوڭلار ئاجىزلارنىڭ رىسقىنى يەۋالىدىكەنسىلەر، يەنە كېلىپ ئۇلارنىڭ قارشىلىقىنى چەكلەيدىكەنسىلەر، ئۇنى توغرا ئىشتەك چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىدىكەنسىلەر، بۇنداق مۇھىت قانداقمۇ كەپتەر بالىلىرىنىڭ ئۆسۈشىگە، ياشىشىغا ماس كەلسۇن؟ سىلەر ئۆزەڭلارنىڭ قانداق ھالەتتە ياشاۋاتقانلىقىڭلارنى بىلمىگۈدەك دەرىجىدە بىخۇتلىشىپ كېتىپسىلەر، رەزىللىكتە ئادەملەرگە يېتىشىۋالغىلى تۇرۇپسىلەر، - دېدىم مەن.

ــ ئادەملەرگە تىل تەگكۈزۈشكە بولمايدۇ. ئۇلار بولمىسا بىزنىڭ بۈگۈنىمىزمۇ بولمايدۇ. تەتۈر تەشۋىقلىرىڭىزنى باشقا يەرگە بېرىپ قىلىڭ، - دېدى بوۋاي زەردە بىلەن. مەن بوۋاينىڭ ياخشى كۆڭلۈم ئۈچۈن بۇنچە زەردە قىلغىنىنى چۈشەنمىدىم. بەلكىم ئۇ مەقسىتىمنى چۈشەنمەي قالغان بولسا يەنە چۈشەندۈرۈپ قويۇش كېرەكتۇ.

ــ سىلەردە مەسئۇلىيەت دېگەن نەرسە يوقكەن. ئۆز ئەۋلادلىرىڭلارنى قاراپ تۇرۇپ ئوتقا ئىتتىرىدىكەنسىلەر، - سۆزۈمنىڭ داۋامىنى تېخى تەسىرلىك چۈشۈرمەن دەپ ئويلىغانىدىم. بىراق، شۇ ئارىدا تاراق قىلغان ئاۋاز بىلەن تەڭ پۈتۈم قاتتىق ئاغرىپ كەتتى. ئۈچۈش ئۈچۈن قانات قاققان بولساممۇ، قانىتىم بوشلۇقتا ئېسىلىپ قالدى. كەپتەرلەر پۇررىدە ئۇچۇپ كەتتى. ئاندىن ئەتراپىمدا ئايلىنىپ ئۇچۇشقا باشلىدى.

ــ ھا، - ھا، - ھا، ئەركىن ياشىغۇچى، ئاخىرى قەپەزگە چۈشىدىغان بولدۇڭ. سېنىڭ يەنە چوڭ سۆزلىگەنلىكىڭنى بىر كۆرەي.

ئۆزۈمنىڭ قىستۇرمىغان چۈشۈپ قالغىنىمنى ھېس قىلدىم. مەن بىردىنلا بوۋاينىڭ مېنى ئەتىگەندىن بېرى گەپكە تۇتۇپ، ئىگىسىنىڭ تۇتۇۋېلىشى ئۈچۈن ئالداپ تۇرغىنىنى چۈشەندىم. قەلبىم چەكسىز ئازابقا تولدى. ماڭا كەلگەن بۇ خەتەر ئادەملەردىن ئەمەس، بەلكى كىچىككىنە مەنپەئەتكە ئالدانغان ئۆز قېرىنداشلىرىمدىن كەلگەنىدى. ئۇلارنىڭ ئادەملەرگە ماسلىشىپ مېنى تۇتۇپ بېرىشى پەقەت كاللامدىن ئۆتمىدى ھەم مېنى بەك ئېچىندۇردى. خىيالىمدا ھەرگىزمۇ ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالماسلىق كېرەك، دېگەن ئىدىيە چاقماق تېزلىكىدە چاقناپ ئۆتتى. ئىككى پۇتۇمنى ئۈزۈۋېتەلىسەملا مەن يەنە ئەركىنلىككە ئېرىشەلەيتتىم. شۇڭا بار كۈچۈم بىلەن ئىككى تەرەپكە پالاقشىشقا باشلىدىم.

ــ بالام، ئورنىڭدىن تۇر، نېمە بولدى ساڭا؟ - كۆزۈمنى ئاچسام ئانام بېشىمدا قاراپ تۇرۇپتۇ. خۇداغا شۈكرى ساقكەنمەن دەپ ئويلىدىم. ئىككى پۇتۇم سىيلاپ باقسام ھېچنېمە بولماپتۇ.

- سېنى قارا بېسىپ قاپتۇ، - دېدى ئانام.

بەك قورقۇنچلۇق چۈش كۆرۈپتىمەن، - دېدىم ئانامنى قۇچاقلاپ تۇرۇپ ۋە چۈشۈمدە كۆرگەنلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم.

ــ سەن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئەۋلادلىرىڭنىڭ قىسمەتلىرىنى كۆرۈپسەن ئوغلۇم. ئادەملەر كۈنسېرى بىزنىڭ ياشاش مۇھىتىمىزغا قىستاپ كىرمەكتە. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئەزەلدىن ياشاپ كەلگەن زېمىنىمىزدىن بىزنى قوغلاپ چىقارماقچى. يەرلىرىمىزنى تارتىۋالماقچى. ئەۋلادلىرىمىزنىڭ نەسلىنى ئۆزگەرتىپ ئاشۇنداق ئۆز نەسلىنى تونۇمايدىغان قىلىپ شالغۇت سورتلارغا ئايلاندۇرماقچى. بەلكىم ئۇزاققا قالماي بۇ يەرلەرگە ئېگىز بىنالار، زاۋۇتلار سېلىنىشى مۇمكىن.

www.uyghurkitap.com



ئۇ چاغدا كىرەكسىز سانائەت مەهسۇلاتلىرى. ئىس - تۈتەكلەر ئارىسىدا بىزنىڭ بۇ گۈزەل مۇهىتىمىز بۇلغىنىدۇ. شەهەر ئارىسىدا قىپقالغان دەريالىرىمىزدا هازىرقىدەك شەربەت سۇلار ئەمەس. بەلكى يۇندا ئاقىدىغان بولىدۇ. ئادەملەرنىڭ تاجاۋۇزچىلىقى بەك قورقۇنچلۇق ئوغلۇم. سەن بۇنى سەزمەيلا قالىسەن. ئەۋلادلىرىڭ سەن ياشىغان پاكىز مۇهىتنى كۆرەلمەيدۇ. تۇغۇلۇپلا جاهان مۇشۇنداق ئوخشايدۇ، دەيدۇ. ئامالسىز ئۇلارنىڭ ئىسكەنجىسىگە چۈشۈپ قالىدۇ. ئۇلار بىزنى كۈنسېرى قىستاپ كەلمەكتە. هەتتا ناهايىتى يېقىنلاپ قالدى. بىز ئەمدى باشقا بىر چىقىش يولى تاپمىساق بولمايدۇ. ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز قۇتقۇزمىساق بىزنى هېچكىم قۇتقۇزالمايدۇ. يۇر سىرتقا چىقايلى، ساڭا ئەمدى داداڭنىڭ قىسمىتىنى سۆزلەپ بېرىدىغان ۋاقىت كەپ قالغان ئوخشايدۇ.

ئانام مېنى ئۆزىگە ئەگەشتۈرۈپ سىرتقا ئېلىپ چىقتى. ئەتراپ پۈتۈنلەي ياۋا ئوت - چۆپلەر بىلەن تولغان، هېچقانداق يول ياكى ئىز چۈشمىگەن كەگرى دالا ئىدى. بۇ دەريا يويىدىكى ئىگىسىز يارداڭلىقتا ئىدى. بۇ يەردە نەچچە مىڭلىغان كەپتەرلەر ئۇۋا سېلىپ ئەجداد قالدۇراتتى، ئاستىمىزدىلا ئېقىپ ئۆتىدىغان سۈپسۈزۈك دەريا سۈيى بىزگە يېقىملىق ئەللەي ناخشىسى ئوقۇپ بېرەتتى. نەزىرىمدە بۇ يەر جاهاندىكى ئەڭ گۈزەم، ئەڭ بەختەر ماكان ئىدى. ئەگەر ئادەملەر بولمىغان بولسا، بىز مەڭگۈ مۇشۇ بەختلىك زېمىندا ياشىغان بولاتتۇق، هەي ئادەملەر سىلەر زادى...



- مانا بۇ سېنىڭ ماكانىڭ. مانا بۇ ئەجدادلىرىڭ ياشىغان زېمىن. سېنىڭ بوۋاڭ، داداڭ، مۇشۇ ماكانىنى گۈللەندۈرۈپ، مۇشۇ كەپتەرلەر توپىغا باشچىلىق قىلىپ ئۆتكەن. شۇڭا، بىزنىڭ ئۇلارنىڭ ئارىسىدىكى ئىناۋىتىمىز يۇقىرى. شۇنداقلا زىممىمىزدىكى يۈكىمىزمۇ ئېغىر. مەن سېنى داداڭدەك باتۇر ئەزىمەت بولسۇن دەپ، هەر كۈنى تاڭ سەهەردىلا ئويغىتىپ، نەچچە يۈز چاقىرىم يەرگە ئاپىرىپ، ئۇچۇشنى مەشىق قىلدۇرىمەن. قاناتلىرىڭنىڭ كۈچىنى ئاشۇرىمەن. مۇسكۇللىرىڭنى چىڭىتىمەن. ئەقىل - زېهنىڭنى ئۈرغىتىمەن. هەر ۋاقىت سەگەك تۇرۇشنى ئۆگىتىمەن. سەن هازىر جىسمانىي جەهەتتە خېلى پىشىپ يېتىلدىڭ. ئەمدى ئەقلىي جەهەتتە پىشىپ يېتىلىشىڭ كېرەك. ئادەملەردىن هەر ۋاقىت سەگەك بول. ئۇلار يەردە يۈرسىلا بىزگە چېقىلالمايدۇ دەپ ئويلىما. مىلتىق دېگەن نەرسىسى ئارقىلىقلا ئۇلار سېنى نەچچە مىڭ مېتىر ئېگىزلىكتىن سوللاق ئاتقۇزىۋېتەلەيدۇ. داداڭنىڭ قانداق ئۆلگەنلىكىنى بىلەمسەن؟

- ياق، سىز ماڭا تېخى ۋاقتى ئەمەس دەپ، ئېيتىپ بەرمىگەن.

- ئەمدى ۋاقتى كەلدى. مەن نەچچە كۈن ئىلگىرىلا بۇ يەردە بىر قانچە ئادەمنىڭ تىمىسقىلاپ يۈرگەنلىكىنى كۆردۈم. دېمەك ئۇلارنىڭ بىزگە كۆزى چۈشتى دېگەن گەپ. شۇڭا ئۇلار يېتىپ كېلىشتىن بۇرۇن بىز تېخىمۇ بىخەتەر ماكان تاپمىساق بولمايدۇ، داداڭمۇ دەل ئاشۇ ئادەملەرنىڭ قولىدا جېنىدىن ئايرىلغان.

- ئانا دەپ بېرىڭە، دادام نېمە بولۇپ ئۇلارنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالغان؟

ئانام بىر پەس جىمىپ قالدى. بەلكىم كۆڭلى بۇزۇلۇۋاتقاندۇ، دەپ ئويلىدىم.

- شۇ كۈنى داداڭ بىر توپ كەپتەرلەرنى باشلاپ بىز ئۇچۇپ ئوزۇقلۇق ئىزدەپ چىقىپ كەتكەن. ئادەتتە كەپتەرلەر هەمىشە ئۆزىمىزگە خەتەر يەتمەيدىغان ئوزۇق - تۈلۈك مول جايلارنى تاللايمىز. داداڭ كەپتەرلەرنىڭ باشچىسى بولغاچقا بۇ ئېغىر ۋەزىپە تەبىئىي هالدا ئۇنىڭ زىممىسىگە چۈشكەن. داداڭ شۇ چىقىپ كەتكەنچە بىر قانچە كۈنگىچە كەلمىدى. مەن ئۇنىڭدىن بەكلا ئەنسىرەپ قالدىم. ئادەتتە بىز يىرىم كۈنلۈكتىن ئۇشۇق يول بولسا ئۇۋىلىرىمىزنى يۆتكەيتۇق. داداڭنىڭ ئۇنچە ئۇزۇنغا ئوزۇق ئىزدەپ كېتىشى مۇمكىن ئەمەس. يۈرىكىم ئۇنىڭ بىر خەۋپكە ئۇچرىغىنىنى سېزىپ تۇردى. ئۇ چاغدا سەن ۋە ئۇكىلىرىڭ ئەمدىلا تۇخۇمدىن چىققانىدىڭلار. شۇڭا سىلەرنى تاشلاپ داداڭلارنى ئىزدەپ بارالمىدىم. ئارىدىن بىر قانچە ئاي ئۆتۈپ، داداڭ بىلەن بىرگە كەتكەن بىر كەپتەر قايتىپ كەلدى. شۇ چاغدىلا قىياسىمنىڭ توغرىلىقىنى، داداڭنىڭ ئادەملەرنىڭ قورغان قىلتىقىغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلدىم. كېيىن ئۇنىڭ ئامان قالغان دوستلىرى بىر - بىرلەپ قايتىپ كەلدى. بىراق، داداڭ شۇ كەتكەنچە كەلمىدى.

مەن ئانامنى يىغلاپ سالامدىكىن دەپ ئويلىدىم. بىراق، ئۇنىڭ كۆزىدە بىر خىل قەيسەرلىك نۇرى چاقناپ تۇراتتى.

- دادام نېمىشقا قايتىپ كېلەلمەپتۇ؟ - مەن تەقەززالىق بىلەن سورىدىم.

- داداڭ دېگەن كەپتەرلەرنىڭ پادىشاهى. ئۇنىڭدا شۇنىڭغا چۈشلۇق روھ بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ئۆزىنى قوغدىيالمىسا بۇ كەپتەرلەر توپىنى قانداق قوغدايدۇ؟ بىر پادىشاه باشقىلارنىڭ قۇللىقى ئاستىدا ياشاپ قانداقمۇ يەنە قايتىپ كېلىپ، بۇ توپقا باشچىلىق قىلالايدۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر يولى هەرگىزمۇ باشقىلارنىڭ قۇللۇقىغا بويسۇنماسلىق. داداڭ ئادەملەر تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قەپەسكە سولاپ قويۇلغاندىن كېيىن، بىز ياۋا كەپتەر شاهلار جەمەتىنىڭ ئادىتى بويىچە تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ. ئۇ بىر دەقىقە بولسىمۇ، قەپەستە ياشاشنى ئۆزىگە راۋا كۆرمەپتۇ. قەپەس ئۇنىڭ قىزىل قېنى بىلەن يويۇلۇپتۇ. داداڭ ئادەملەر

سىلىپ بەرگەن دان - سۇنى ئىچمەي - يىمەي توپتوغرا بىر ھەپتە ياشاپ، ئاخىرى ئۇلارنىڭ قولىدا باتۇرلۇق بىلەن قۇربان بوپتۇ. مانا بۇ بىزدىكى ھەقىقىي ئەركىنلىك روھى ئوغلۇم. سەنمۇ داداڭغا ئوخشاش مەڭگۇ ئەركىنلىكنىڭ قوغدىغۇچىسى بول.

- ئانا، دادام ئۈچۈن باشقا كەپتەرلەردە پۇرسەت تېپىپ قېچىپ كەلمەيدۇ؟

- داداڭ بالىلىرىنىڭ قۇل بولۇپ قېلىشىنى خالىمايدۇ. ئۇلار داداڭنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنى باشقا كەپتەر بىلەن جۈپلەپ ئەۋلاد قالدۇرماقچى بولغان. بىراق داداڭ ھەرگىزمۇ كېيىنكى ئەۋلادلىرى ئۈچۈن بۇنداق نومۇسلۇق ياشاش مۇھىتىنى قالدۇرۇشقا ۋىجدانى يول قويمىغان. سەن چۈشۈڭدە كۆرگەن كەپتەرلەر دەل بالىلىرىنى قۇللۇققا تاشلاپ ھاياتىنى ساقلاپ قالغان كەپتەرلەرنىڭ ئەۋلادى بالام. ئۇلار ھازىرغا قەدەر ئادەملەرنىڭ قولىدا روھى قۇللۇقتا ياشاۋاتىدۇ. بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلۈم مىڭ ئەۋزەل. سەن دەل ئاشۇنداق باتۇر كەپتەرنىڭ پەرزەنتى. سەن مەڭگۇ مۇشۇ روھنى ئۇنتۇپ قالما!

ئانامنىڭ سۆزلىرى روھىمدا ئۇزاققىچە زىل - زىلە پەيدا قىلدى. ئۆزۈمنىڭ شۇنداق بىر باتۇر دادىنىڭ پەرزەنتى ئىكەنلىكىمدىن چەكسىز شادلاندىم. ماڭا تېگىشلىك بولغان ئىنتايىن ئېھتىياجلىق، بەختلىك بىر روھنىڭ تېنىمدە بىردىنلا باش كۆتۈرگەنلىكىنى ھېس قىلدىم. پۈتۈن قەلبىم، ۋۇجۇدۇم كۈچ ۋە ئېھتىياجغا تولدى. قەلبىمدىكى بارلىق مۇھەببەت بىلەن ئانامنى مەھكەم قۇچاقلىدىم.

— بارغىن بالام، سىنى ئەلگە، كەپتەرلەر توپىغا بېغىشلىدىم. ئۇلار باشسىز قالمىسۇن. يېقىندىن بېرى ئادەملەر بىزنى ھەر خىل يوللا بىلەن تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ. شۇڭا سەن بىز ئۈچۈن تېخىمۇ بىخەتەررەك ماكان تاپ. خوش بالام.

قانىتىم ئانامنىڭ كۆز ياشلىرى بىلەن ھۆللەندى. كۆرگەن چۈشلىرىمنىڭ مۇشۇنداق بىر سەپەرنىڭ بىشارىتى ئىكەنلىكىنى چۈشەندىم. ھەرگىز ئادەملەرنىڭ قىلتىقىغا چۈشۈپ قالمايمەن دەپ ئويلىدىم.

ناھايىتى ئۇزاق ئۇچتۇم. باشتا ئېقىن بويلاپ ئۇچتۇم. كېيىن بىر مەھەللىگە كىرىپ قالدىم. بۇ مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى مەھەللە ئەمەس ئىدى. ھەم ئۇنىڭدەك قورقۇنچلۇقمۇ كۆرۈنمەيتتى. بىراق، مەن شۇنداق بولسىمۇ ئۇنىڭدىن ھەزەر ئەيلەپ ناھايىتى ئېگىز ئۇچتۇم. قانىتىمدا يېتەرلىك كۈچ بار ئىدى. قۇلىقىمدا ئەمدى ئادەملەرنىڭ شاۋقۇنى ئەمەس بەلكى شاماللانىڭ غۇر - غۇر سوققان ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى، مەن بۇ ئۇچۇشۇمدا ئۆز نىشانىمدىن بەك يىراقلاپ كەتسەم بولمايتتى. ئەگەر بەك ئۇزاپ كېتىدىغان بولسام بىزنىڭ كۆچىشىمىزگە تەسىر يېتەتتى. راستىنى ئېيتقاندا مەن ئانامنىڭ كۆچۈش توغرىلىق پىكرىگە ئانچە قوشۇلمايتتىم. بىزنىڭ ماكانىمىز ناھايىتى ئېگىز يان باغىر - تىك قىيانىڭ ئۈستىدە ئىدى. ئۇ يەرگە ئادەملەر تۆگۈل ئۇچار قۇشلارمۇ تەستە قونالايتتى. بىز ئەۋلادتىن - ئەۋلادقا ئاشۇ جايدا ماكان تۇتۇپ، بىخەتەر ياشاپ كەلگەن تۇرۇپ، ئەمدىلىكتە كۆچمەكچى بولۇۋاتاتتۇق. ئادەملەرنىڭ ئۇنچىۋالا قۇدرەتلىك بولۇشى ناتايىن. مانا مەن ھازىر ئادەملەرنىڭ ئۈستىدە ئۇچۇپ كېتىۋاتىمەن. ھېچقانداق خەتەرنى سەزمىدىم. بەلكىم ئانام زىيادە سەزگۈرلىشىپ كەتكەن بولسا كېرەك.

كەچ كىرىپ ئەتراپ گۇگۇم قاراڭغۇلۇقى ئىچىگە غەرق بولدى. بىر كۈن ئۇچۇپ ھارغىنلىق يەتكەنىدى. گەرچە ئادەملەر بار بۇ يەرگە قونۇش ئويۇم بولمىسىمۇ، بىراق قاراڭغۇدا نىشاندىن ئادىشىپ قالماسلىق ئۈچۈن ئارام ئالمىسام بولمايتتى. جەنۇب، شىمال، غەرب تەرەپلەرنى كۆزىتىپ بولدۇم. بۇ يەرلەردە بىز ياشىغۇدەك بىرەر ياخشى ماكان ئۇچرىمىدى. بەلكىم، بەك ئېگىز ئۇچۇۋەتكەن بولسام كېرەك. ئەتە شەرق تەرەپنى ئايلىنىپ پەس ئۇچۇشنى كۆڭلۈمگە پۈكتۈم. كېچە يۇلتۇزلىرى ئۈستۈمدە چاقناپ تۇراتتى. مەن مۇشۇنداق گۈزەللىككە تولغان بىر دۇنيادا ئۇنداق قورقۇنچ ئىچىدە ياشاشنىڭ تولىمۇ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدىم. ئاستا - ئاستا پەسلەپ بىر دەرەخ ئۈستىگە قوندۇم. ئەتە قانداق مەنزىرە ئىچىدە تۇرىدىغانلىقىم نامەلۇم ئىدى. مەن ھەددىدىن زىيادە ئېھتىياتچانلىق قىلىپ، ئېگىز ئۇچىۋەتكەچكە كۆڭۈلدىكىدەك بىر ماكان تېخى ئۇچراتمىغاندىم. شۇڭا ئەتە ئۇسۇلۇمنى ئۆزگەرتىپ پەسرەك ئۇچۇشنى ئويلىدىم.

مۈگلۈك بىر ئاۋاز شېرىن ئۇيقۇمنى بۇزۇۋەتتى. ھارغىنلىق ئىچىدە شۇنچە شېرىن ئۇخلاپ كېتىپتىمەن. بىر توپ كەپتەر ئەتراپىمدا ئۇچۇپ يۈرەتتى. ئۇلارنىڭ قانىتىدىن مۈگلۈك ئاۋاز كېلەتتى. مەن ھەيران قالدىم. ئۇلار بەئەينى ماڭا ئوپئوخشاش كەپتەرلەر ئىدى. تۇرۇپ ئۇلار مەن چۈشۈمدە كۆرگەن كەپتەرلەرگىمۇ ئوخشاپ قالاتتى. تۇرۇپ ئوخشىمايتتى. تۈنۈگۈن بىر كۈن ھېچنېمە يېمەي ئۇچقاچقا ھازىر قورسىقىم ئېچىپ كەتكەنىدى. مەم ئۇلاردىن بۇ يەردە بىخەتەررەك بىر ئوتلايدىغان يەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىماقچى بولدۇم. ئۇلار يۆنىلىشنى ئۆزگەرتىپ، بىردىنلا مەھەللە سىرتىغا قاراپ ئۇچۇشقا باشلىدى. مەنمۇ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئەگەشتىم.

— نەگە بارىسىلەر؟ - ئارقىدىراق قالغان بىرسىدىن سورىدىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com



- خامانغا.
- ئۇ يەردە نېمە قىلىسىلەر؟
- دان ئىزدەيمىز.
- دان دېگەن سىلەر يەيدىغان نەرسىمۇ؟ ئۇ ماڭا خۇددى يات بىر مەخلۇققا قارىغاندەك غەلىتە چەكچىيىپ قاراپ قويدى:
- سەن ياۋا كەپتەركەنسەندە؟
-. شۇنداق مەن بۆلجۈرگەن سايدىن كەلدىم، - مەن كەپتەرلەرگە ئەگىشىپ خامانغا چۈشتۈم. بۇ يەردە ھەقىقەتەن كۆمۈلۈپ قالغان بوغدايلار بارئىكەن، تەمى شۇنداق تاتلىق ئىدى. بۇ يەر بولىدىكەن، دەپ ئويلىدىم. بۇ جايدا ئادەملەرنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى. باشقا كەپتەرلەرنىڭ خاتىرجەم تۇرقىغا قاراپ مەنمۇ خاتىرجەم ھالدا قورساق توقلاشقا باشلىدىم. سىرتقى دۇنيا ھەرگىزمۇ ئانام ئېيتقاندەك ئۇنداق خەتەر بىلەن تولغان ئەمەس ئىدى. خاتىرجەم ھالدا ئالدىمدىكى يوغان بىر تال داننى يوۋۇن ئۇزاتتىم، شۇ دەمدە بىلەن ئېتىلىپ كەلگەن بىر خىل كۈچ كانىيىمنى كېلىپ بوغدى. ناھايىتى تېزلىكتە كۆتۈرۈلۈپ، ئۆزۈمنى چەتكە ئالماقچى بولدۇم. بىراق، نامەلۇم بىر كۈچ مېنى يەنە شۇنچە تېز يەرگە تارتىپ چۈشتى. ئۆزەمنى ھەر تەرەپكە ئۇرۇشقا باشلىدىم. كەپتەرلەر گۈررىدە كۆتۈرۈلۈپ ئۇچۇپ كېتىشتى. ئاخىرى ھالسىزلىنىپ يېتىپ قالدىم. بۇ مەن چۈشۈمدە كۆرگەن ھېلىقى مەنزىرىگە بەك ئوخشايتتى. ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىممۇ - نېمە، دەپ ئويلىدىم. بىراق، ھازىر يېقىن ئەتراپتا ھېچكىم كۆرۈنمەيتى. قانچىلىك ۋاقىت ئۆتتىكىن بىر چاغدا ئىككى ئادەم تۇيۇقسىز يېنىمدا پەيدا بولۇپ قالدى. ئاھ، ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپتىمەن، دېدىم مەن. بىراق، ئۇلار مېنى بوينۇمنى سىقىپ تۇرغان غايەت زور كۈچنى بوشاتتى.
- ياۋا كەپتەركەن... دېدى ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ياشراق بىرسى.
- مەھكەم تۇت، قېچىپ كەتمىسۇن، قانىتىنى بوغۇپ قويايلى، - ئۇلار بىرلىكتە قانىتىنى بوغۇشلاپ ئاندىن بوينۇمدىن تۇتۇپ كۆزلىرىمگە قاراشقا باشلىدى.
- ۋاي، بەك ئېسىلكەن، تازا ئامەت كەلدى، - چوڭراقى مېنى قولىغا ئېلىپ قاراپ كەتتى.
- بۇنىڭ بىزگە قىلچە پايدىسى يوق، قويىۋېتەيلى، قارا، ئۇ ئاللىبۇرۇن تىلىنى چىشلەپ ئۈزۈۋاپتۇ. بۇنداق كەپتەرگە ئۇچراپ قالغاندا قويۇۋېتمەي ئامال يوق. ئادەتتە كەپتەرلەرنىڭ باشچىلىرى شۇنداق بولىدۇ.
- ھېچ بولمىسا ئۇنى بىر ئوۋا كۆپەيتىۋالايلى.
- ئۇ ئەمدى دان يېمەيدۇ، سۇ ئىچمەيدۇ، تاكى ئۆلۈپ كەتكۈچە سەن بىلەن قارشىلىشىدۇ.

- قاراپ تۇرۇپ قويۇۋېتەمدىم؟ - دېدى ياشراق ئادەم.
— ئىختىيارىڭ، بىراق، ھايال ئۆتمەي سۆزۈمنىڭ راستلىقىنى بىلىپ قالىسەن، مەنمۇ مۇشۇنداق بىر كەپتەرنى تۇتۇۋالغان دەسلەپتە قويۇپ بېرىشكە كۆزۈم قىيمىدى. بىر ھەپتىدىن كېيىن ئۆلۈپ كەتتى.
- مەن بۇنى چوقۇم كۆندۈرىمەن، - دېدى ئۇ.
ھەرگىز قولۇڭغا كۆنمەيمەن. بىر ئامالىنى قىلىپ چوقۇم قېچىپ كېتىمەن، دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە، ئانامنىڭ سۆزىنى ئېسىمدە تۇتماي، بۇ كۈنگە قالغىنىمدىن تولىمۇ نومۇس ھېس قىلدىم. كۈچ بىلەن يۇلقۇنۇپ ئۇنىڭ قولىدىن بوشاپ ئۇچۇپ چىقتىم، بىراق ئانچە ئۇزۇن بارمايلا يەرگە گويا بىر پارچە چالمىدەك پوككىدە چۈشتۈم.
— كاساپەت، ھېلىمۇ ياخشى قانىتىڭنى بوغۇپ قويۇپتىمەن. بولمىسا قەيەرلەرگە كېتىپ قالار بولغىيتتىڭ؟ ئۇ مېنى خالتىدەك بىرنەرسىگە سولاپ نەگىدۇر ئېلىپ باردى. ئاندىن قانىتىمنى مەھكەم قاماللاپ، سىمدىن توقۇلغان بىر تورنىڭ ئىچىگە سولىۋەتتى. تور ئىچىدىكى بىر قانچە كەپتەر گۈررىدە بىر بۇلۇڭغا قىستالدى.

- قارىغاندا ئاچ قالغان ئوخشايسەن، بولمىسا بىر تال داننى دەپ مېنىڭ قىسمىقىمدا پالاقلاپ ياتماستىڭ... ئۇ قەپەزگە بىر سىقىم داننى چېچىپ سۇ قويدى. كەپتەرلەر گۈررىدە يىغىلىپ داننى يېيىشكە باشلىدى. بىراق، مېنىڭ ئۆچمەنلىكىم شۇ دەرىجىگە يەتكەن ئىدىكى، مۇمكىن بولسا ھازىرلا قەپەزگە ئۇسۇپ ئۆلۈۋالغۇم كېلەتتى. بىراق، قانىتىم بەك چىڭ تېڭىۋېتىلگەن بولغاچقا پەقەتلا مىدىرلىيالمىدىم. بېشىمنى ئاران كۆتۈرۈپ، ئەمدىلا تىكلەشكەن قۇياش نۇرىغا قارىدىم. ئاھ ئۆيدىن ئايرىلىپ بىر كۈن بولماي تۇرۇپلا ئادەملەرنىڭ قولىغا چۈشۈپ قالدىم - ھە، ئانام بۇ ھالىمنى كۆرسە نېمە دەپ ئويلاپ قالار؟ ھالسىز ھالدا پۈككىنىمنى يەرگە قويۇپ ياتتىم.

چۈشۈمدە ئانامنى كۆرۈپتىمەن. ئۇ كۆپكۆك ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ مېنى يېنىغا چاقىرغۇدەك. تۇرۇپلا يېنىدا داداممۇ پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئۇنىڭ قامىتى شۇنداق كۆركەم بولۇپ تولىمۇ ھەۋەسىم كەلدى. ئۇلار مېنى چاقىرغاندەك قىلدى. بەلكىم قولىقىمغا شۇنداق ئاڭلانغاندۇ، مەن ئۇلارغا قاراپ ئۇچتۇم. ئۇچقانسېرى ئۇلار مەندىن يىراقلىشاتتى. ئۇچۇشتىن توختىسام ئۇلارمۇ يىراقلاشتىن توختايتتى. ئۇچۇۋېرىپ ئاغزىم قۇرۇپ كەتتى. ئانا، سۇ، دەپ ئويغىنىپ كەتتىم، بېشىمدا ھېلىقى ئادەم سۆزلەۋاتاتتى.

- بۇ بەك جاھىل كەپتەركەن، بەش كۈن بولدى ھېچنېمە يېمىدى.
- ئۇنى باقىقاننىڭ پايدىسى يوق دېمىدىممۇ؟

بۇ ھېلىقى كۆندىكى ياشتا چوڭراق كىشى ئىدى.

ــ ئەمدى بۇنـداق تۇرۇۋەرسـە ئۆلۈپ قالـدۇ. ئۇنىڭـدىن كۆرە بالىلىرىمغا شورپا قىلىپ بېرەي.

ــ ئۇنىڭـدىن قانچىلىـك شورپـا چىقماقچىـدى، بـەلكىم، ئەمـدى يېسـەڭ سـاڭا زىيـان قىلىـپ قېلىشـىمۇ مـۇمكىن: ياخشىسـى قويـۇۋەت. بۇنـداق ئىبسـىل سـورتلۇق كەپـتەرنى قاراپ تۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ قويساق بولمايدۇ.

- بىراق ئۇنى قويۇۋەتسەكمۇ بىزگە ھېچقانـداق پايدىسى بولمايدۇ - دە.

- ھازىرمۇ بەرىبىر پايدىسى يوق.

- باشتىلا شورپا قىلىۋىتىدىغان گەپكەندۇق.

ئـۇ ساڭگىـلاپ تـۇرغان قـانىتىنى بىـر پـەس تۈزەشـتۈرۈپ ئاندىن مېنى قويۇپ قويدى.

كۆكتە قۇياش كۈچلۈك نۇر چېچىپ تۇراتتى. مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇمـدىكى كـۈچ - قۇۋۋىتىمنـى يىغـدىم. كۆككـە قـاراپ ئۇچماقچى بولـدۇم. بىـراق، قەپـەز، سىـم تـور يـەنىلا يولـۇمنى توسۇپ تۇراتتى. مەن نەچچە كۈنـدىن بېرى ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئۇرۇپ ئۇنى بۆسۈپ ئۆتەلمەيدىغانلىقىمغا كـۆزۈم يەتكەنـدى. لېكىن، ۋۇجۇدۇمدا ئازراق كـۈچ يىغىلىـپ، ئەسلىگە كەلگـەن ھامان ئۇنىڭغا تاشلىنىپ باقـاتتىم. مـەن بۆسـۈپ ئۆتمـەكچى بولغان بۇ سىم تۇر شۇنداق قۇدەرتلىك ياسالغانىدى. ئۇنىڭغا ئادەملـەرنىڭ يۈكسـەك ئـەقىل - پاراسـىتىنى جەملەنگـەن بولـۇپ، ئۇنىڭـدىن سىـرتتىكى بـارلىق ئـەركىنلىكنى كـۆرۈپ تۇرغىلى بولاتتى.

بىراق، ئۇنىڭغا ھەرگىز ئېرىشكىلى بولمايتتى.

قەپەز، ئىچىدىكى ھاۋا بىلـەن سىـرتتىكى ھـاۋا ئوخشـاش. بىـراق ياشـاش شـەكلى ئوخشـمايتتى. بـۇ تورنـى توقـىغـان ئادەملـەرنىڭ نىيىتـى شـۇنداق قـارا ھـەم بـاغرى شـۇنچىلىك قـاتتىق ئىـدى. ئـۆز ئـەركىنلىكى ئۈچـۈن تىنىمسىـز كـۈرەش قىلىۋاتقان بـۇ كىچىكىنـە جاننىـڭ جاسارىتى ئـۇلارنى قىلچـە تەسـىرلەندۈرەلمەيتتى. ئەمـدى ئـۇلارغا قىلچـە پـايدام تەگـمەيدىغانلىقىنى بىلىـپ تۇرۇپمۇ مېنـى روھـىي قۇللـۇققا ئالمـاقچى بولاتتـى. جانـدىن باشـقا ھېچنېمـە قالمىغـان بـۇ كىچىككىنـە جىسمىمنى قىيناش ئـارقىلىق ئـۆز مەقسىدىگە يەتمەكچى بولاتتى. ئەڭ قەبىھ يېرى ئـۇلار مېنى ئۆلـەي دەپمۇ ئۆلەلمەيـدىغان ھالەتكـە كـەلتۈرۈپ قويغانـىدى. ئىچىمـدە شۇنداق ىندا قىلاتتىم. ئەي، ئەركىنلىكنىڭ قاتىلى بولغان رەھىمسىـز ئـادەم، يـا مېنـى ئۆلگـىلى قـوي، يـا بولمىسـا ئەركىنلىكىمنى بەر!

تۇيۇقسىز توتۇش بىر ھىد بۇرنۇمغا ئۇرۇلدى. ۋۇجۇدۇمغا بىـردىنلا كـۈچ يىغىلـدى، «ئانـا» ... مـەن ھاياجـان ئىچىـدە بېشىمنى كۆتۈردۈم. ئانامنىـڭ كۆزلىرى بىر خىل جىددىيلىك بىلەن چاقناپ تۇراتتى. ئۇ مېنىڭ يۇلۇنغان قانىتىم، ساڭگىلاپ قالغان تۇمشۇقۇم، پۈرلىشىپ، ئەسكى كىگىزدەك بولۇپ كەتكەن قاناتلىرىمغا بىر خىل ئېچىنىش ئىچىدە قارىدى.

ــ ئانـا، كـەچۈرۈڭ. ئىشـەنچىڭىزنى يـەردە قويـدۇم. مـەن ھەرگىزمۇ سىزنىڭ پەرزەنتىڭىز بولۇشقا لايىق ئەمەسكەنمەن، - مـەن گـۇناھكارلارچە بېشـىمنى ئەگـدىم. ۋۇجـۇدۇم نومـۇس كۈچىـدىن ئـۆرتىنىپ كـەتتى. نېمشـقىمۇ ئانـام كەلگـۈچە ئۆلىۋالمىغانلىقىمغا ئېچىندىم.

ــ يـاق، سـەن ئـۆزۈڭ قىلالايـدىغان ئىشنىـڭ ھەممىسـىنى قىلدىڭ. ئەمدى ئۇنى ئاخىرىغا چىقار.

- بىراق ئانا، مەن بىر مەھبۇسقا ئايلىنىپ قالدىم. ئاجىزلىقتا شۇ دەرىجىگە يەتتىمكى ئۆلۈۋالاي دەپمۇ ئۆلۈۋالالمىغۇدەك ھالغا چۈشۈپ قالدىم.

ــ بـۇ مانـا مـەن دەپ بىلىـنىپ تۇرۇپـتۇ، مـەن سـېنى ئەركىنلىككە ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن كەلدىم.

- بىراق، مېنىـڭ ئەمدى ئەركىنلىككە چىققۇم يوق. مەن ئەمدى بۇ ئەپتىم بىلەن ھەرگىزمۇ سىزنىڭ بالىڭىز بولۇشقا لايىق ئەمەس.

ــ مـەن ساڭا ئـەركىنلىك ئېلىپ كېلىمـەن بـالام. سـەن يەنىلا مېنىـڭ باتـۇر بـالام بولىسـەن. سەن ھەرگىزمۇ قۇللارچە ئەمەس، باتۇرلارچە ئۆلۈشۈڭ كېرەك، - ئانـام شۇنداق دەپلا بوغۇزىـدىكى دانلارنـى ياندۇردى،ــ بـۇ زەھـەرلىك بۆلجۈرگـەن، سـەن بـۇنى يېسـەڭلا ئـۇلارنىڭ قۇللۇقىـدىن ئـازاد بولىسـەن. شـۇنداقلا جەمـەتىمىزنىڭ ئابرۇيىنىمـۇ سـاقلاپ قالىسـەن. ئېسىڭدە بولسۇن ئەركىنلىكنى مەڭگۈ ھېسداشلىق ئارقىلىق قولغـا كەلتۈرگىلى بولمايـدۇ. ئـۇنىڭ ئۈچـۈن قـان ئاققـۇزۇش كېرەك. قېنى، تۇمشۇقۇڭنى يېقىن ئەكەل.

مـەن ئانامنىـڭ قـەتئىيلىك چاقنـاپ تـۇرغان كۆزلىرىگـە ئـاخىرقى قېـتىم تىكىلـدىم. ئـۇ شـۇنچىلىك خاتىرجـەم، شۇنچىلىك قەيسەر ئىـدى. مەن پۇچۇلۇپ، ساڭگىلاپ قالغان تۇمشـۇقۇمنى ئـۇنىڭغا تەگلـدىم. بـۇ ئـەركىنلىك ئۈچـۈن قـۇرۇلغان توسـاقلارنىڭ قـۇربانىغا ئـايلىنىپ كەتكـەن ئـەڭ قۇدەرتلىك قورالىم ئىـدى. بىـراق، ئـۇ رەھىمسىـز توسـاقنى چوقـۇلاۋېرىپ ئـاخىرى سـۇنۇپ، مۇشـۇنداق ھالەتكـە كېلىپ قالغانـــدى. زەھـــەرلىك بۆلجۈرگـــەن ۋۇجۇدۇمـــدا بىـــر ئـەركىنلىكنىڭ جارچىسـى بولـۇپ ئورۇنلاشـتى. ئـاڭ، ئـاخىرى ئـەركىن ئـۆلۈش پۇرسـتىگـە ئىگـە بولـدۇم. دەپ شـادلاندىم. روھـم بىـر خـىل ئازادىلىـك ئىچىـدە يېلىنجاشـقا باشـلىدى. ئاسـمان شـۇنچىلىك سـۈزۈك، ئـەتراپ شـۇنچىلىك تىمتـاس، دۇنيا يەنىلا گۈزەل ئىدى. بۇلۇڭدىكى بىر توپ كەپتەرلەر ماڭا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇراتتى■

2004- يىل 24- مارت، مارالبېشى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




## ئېيت سالامىڭنى ساباھ، ئاق كۆكۈللەرگە

**مۆمىن ھەمرا**

قۇش قانىتى ئۇچقانىسرى چىڭ قاتىدۇ،
قاتقان قانات يۈكسەكلەردىن جاي تاپىدۇ.
قاچانغىچە ياتىنىڭ دەردىن ئەل تارتىدۇ،
ئىشەن دوستۇم، ئۇيغۇرغىمۇ تاڭ ئاتىدۇ.

ئەسىر بويى خەلقىم ئەمدى يالغان ئەمچەك،
قېنى ئېقىپ پۈتتى، قالدى تېرە- سۆڭەك.
تەقدىر شۇنچە قىلغان بارمۇ بىزنى بۇزەك،
ئىشەن دوستۇم، ئۇيغۇرغىمۇ تاڭ ئاتىدۇ.

ئۈمىد بىلەن ياشىساڭ سەن دوستۇم ھامان،
قۇم چۆللەردىن قوتىلىدۇ بىزنىڭ كارۋان.
ئىرادىچۇ، ئاتىلاردىن قالغان قالقان،
ئىشەن دوستۇم، ئۇيغۇرغىمۇ تاڭ ئاتىدۇ.

ئەلنىڭ دەرتلىك يۈرىكىنى چۈشىنىمەن،
تەلەيسىز كاج تەقدىرىگە ئېچىنىمەن.
بىر خۇداغا ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن،
ئىشەن دوستۇم، ئۇيغۇرغىمۇ تاڭ ئاتىدۇ.

تاڭ دېگىنىم- ئەركىن ئازاتلىق كېلەر دەملەر،
بىر- بىرىنى تەبرىكلىشەر دوست- ھەمدەملەر.
ئىستىقلالىيەت، دەپ لەپىلدەر تۇغ- ئەلەملەر،
ئىشەن دوستۇم، ئۇيغۇرغىمۇ تاڭ ئاتىدۇ.

ئەشۇ چاغدا مەمنۇن سەندىن چىقار ھادىق،
گۆردە يېتىپ قالساڭمۇ، ئۇھ، دەيسەن تايلىق.
كۈتكەن ئۈمىد، پۈتكەن ئىجاد ئەلگە تالىق،
ئىشەن دوستۇم، ئۇيغۇرغىمۇ تاڭ ئاتىدۇ.
"مېنى ۋەسلىڭگە يەتكۈزگىن" ناملىق شېئىرلار توپلىمىدىن.
2003-يىل ئالمۇتا نەشرى



## ئۇيغۇر بولغانىڭدىن

ئابدۇشۈكۈر مۇھەممەد

قىممىتى كۆپ ئۇيغۇر بولغاندىن،
تەكلىماكان قۇمى بولغانىنىڭ.
زىننىتى كۆپ ئۇيغۇر بولغاندىن،
تەڭرىتاغنىڭ گۈلى بولغانىنىڭ.

ھېكمىتى كۆپ ئۇيغۇر بولغاندىن،
مۇڭلۇق سايرام كۆلى بولغانىنىڭ.

خىسلىتى كۆپ ئۇيغۇر بولغاندىن،
كەڭ زېمىنىنىڭ دىلى بولغانىنىڭ.

بەركىتى كۆپ ئۇيغۇر بولغاندىن،
ئاي، يۇلتۇزنىڭ نۇرى بولغانىنىڭ.
رەھمىتى كۆپ ئۇيغۇر بولغاندىن،
تارىخىمىز شانى بولغانىنىڭ.
ھەي!...

ئۇيغۇرمۇ دەپ سورىساڭ مېنى،
قىسمىتى كۆپ ئۇيغۇر بولغانىنىڭ.
قانداق دېسەڭ ئۇيغۇر دېگەننى،
غەيۋىتى كۆپ ئۇيغۇر بولغانىنىڭ.

تەقدىرىنى سورىساڭ ئەگەر،
جان ھەلقۇمدا ئۇيغۇر بولغانىنىڭ.
كىمنى كۆرسەڭ قايغۇ- ھەسرەتتە،
بەلگۈسى ئۇ ئۇيغۇر بولغانىنىڭ.

## ئۆزگىلىكنى قەدىرلە

**مۇنەۋۋەر**

ياراتتى رەب ھەر بىر جاننى ئۆزگىچە،
پەرقلىقتۇر بويى، رەڭگى، سۆزگىچە.

سەنمۇ شۇنداق ئوخشىشىڭ يوق ئالەمدە،
ئۆزگىچىلىك زىننەت تاجى ئادەمگە.

پاكار بولساڭ، ئېگىز بويغا تەلپۈنمە،
قارا بولساڭ، ھەسرەتلەنمە، ئۆكۈنمە.

پېقىر بولساڭ، ھەسەت قىلما ئۆزگىگە،
نىجات تاپار سەۋرىچان دىل ئۆزىگە.

نادان بولساڭ، ئۆگەنمەكنى باشلىغىن،
بىلىملىكنى سۆكۈشكىنى تاشلىغىن.

سەندە يوقنى زۇلۇم بىلەن ئالما ھېچ،
كىسەر باشنى كۆرۈنمەستىن ئۇ قىلىچ.

ساپ دىل بولغىن، ئادىل بولغىن ھەر ئىشتا،
مەغلۇپ قىلۇر نامەردلىق ھەر چېلىشتا.

دۇنيا ئۆتەڭ سەن ئۇنىڭدا قالمايسەن،
دوراش بىلەن مەنزىلىڭگە يەتمەيسەن.

ئەقىللىق بولسا "ئۆزگە"لىكنى قەدىرلە،
ئۆز ئەسلىڭنى دەستەك قىلىپ ئىلگىرلە.

## نائېنىق نەرسىنى سۆزلىمە ھەرگىز

بەزىلەر يىغلايدۇ كۆزىدە ياش يوق،
بەزىلەر كۈلىدۇ يۈز- كۆزلىرى ياش.
بەزىلەر ئاھ ئۇرۇپ پىغان چېكىدۇ،
لېكىن، ئىرىمەس قەلبى گويا تاش.

مەيلى كۈل يا يىغلا ھۆرلۈك ئۆزۈڭدە،
ۋەلېكىن راست بولسۇن ھەر بىر ئىپادەڭ.

راستچىللىق، ساپ دىللىق گويا مەلھەمدۇر،
ساقايتار ئازاپتىن دەرتلەنسە مەيدەڭ.

يېمىگىن نائېنىق دۇرىنى ھەرگىز،
گەرچە ئۇ ئاتالسۇن شىپالار شاھى.
نائېنىق نەرسىنى دېمىگىن ھەرگىز،
ناگاھ ئۇ ھاياتىنىڭ كاپالەتگاھى.

## دوستلۇقتا خۇرۇچنى ئۆزۈڭدىن ئىزلە

قاخشىما دۇنيادا دوستۇم يوقكەن دەپ،
دوستلۇقتا خۇرۇچنى ئۆزۈڭدىن ئىزدە.
بولسا گەر ئۆزۈڭدە ساداقەت، ساپلىق،
ئاندىن سەن دوستلۇقنى ئۆزگىدىن كۆزلە.

بولمايدۇ نوقسانسىز ئىنسان ئالەمدە،
سەندىمۇ مۇجەسسەم تۈرلۈك ئەيىبلەر.

كۆزلىرىڭ ئەيىپنى كۆرسىلا دائىم،
دوستلۇقنىڭ مۇۋسى قانداق يېتىلەر؟

پاك دوستلۇق كىلىدۇ پەقەت پاكلىقتىن،
ھەسەتسىز، نەشتەرسىز ھەر بىر نۇتۇقتىن.
دوستقا دەرد كەلسە پەرۋاسىز يۈرمەي،
مەردلەرچە پىداكار سېخى خۇلۇقتىن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# مەسئۇلىيەتچانلىق

ئابدۇلئەزىز تۇمۇر

ئىنسانلاردىكى مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى بىۋاستە ئەقلىگە تۇتىشىدىغان مەسىلە بولۇپ، ھەر بىر ئىنسان ئەقلىگە كەلگەندىن باشلاپ ھاياتىنىڭ ئاخىرىغىچە يوقتىن بار قىلغان ئىگىسى ئاللاھ ئالدىدا، ئۆزى، جەمئىيىتى ۋە ئائىلە- تاۋاباتىغا قارىتا نۇرغۇنلىغان مەسئۇلىيەتلەرنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. 

ھەر بىر شەخس تالانت، ئىمكانىيەت دائىرىسى ئىچىدە ھەر خىل مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز لايىقىدا بىجىرىشكە مەھكۇمدۇر. گەرچە ئىنسان ھايات مۇساپىسىدە ئوخشاش بولمىغان قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كەلسىمۇ ھەممىنى يېڭىپ چىقىپ، مەسئۇلىيىتىنى جەمئىيەتتىكى ئورنىغا لايىق شەكىلدە مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە مۇھتاج.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنۇ ھەدىسىدە ھەر بىر ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى ئوچۇق - ئاشكارا مۇئەييەنلەشتۈرۈپ بەرگەن: «ھەر بىر كىشى مەسئۇلىيەت ئىگىسىدۇر. ئەر كىشى ئائىلىسىگە، ئايال كىشى يولدىشىنىڭ ئۆيىگە، خىزمەتچى خوجايىنىنىڭ مال - دۇنياسىغا مەسئۇلدۇر». {بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايىتى}

مەزكۇر ھەدىسنىڭ روھىغا ئاساسەن جەمئىيەتتىكى ھەر بىر كىشى ئۆز دائىرىسى ئىچىدە ئۆز بۇرچىنى ئادا قىلىش تەلەپ قىلىنىدۇ.

مۇسۇلمان ياراتقان ئىگىسى ھەققىدە ئۈستىدىكى ئىبادەتلەرنى مۇكەممەل ئادا قىلىشى، ئەخلاق، پەزىلەت ئۆلچەملىرى ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئىشلاردا ئۈستىدىكى مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشتا قىيامەتتە ئاللاھقا ھېساب بېرىشنى ئۇنۇتماسلىقى كېرەك.

بارلىق ئىشلارغا سەزگۈر ۋە جىددى مۇئامىلە قىلىش ئۆزىنىڭ كىم ۋە قانداق ئورۇندا بولغانلىقىنى ئۇنۇتماسلىق مەسئۇلىيەتچانلىقنىڭ بىر خىل ئىپادىسى.

ھەر بىر شەخس ئۆز بۇرچى ۋە مەسئۇلىيىتىنى تونۇپ يەتكەندىلا جەمئىيەت تەرتىپى بەلگىلەنگەن لىنىيە بويىچە ماڭىدۇ. جەمئىيەت ئىسلاھاتى شەخسلەرنىڭ ئۆزىنى ئىسلاھ قىلىشقا باغلىق.

بۇ ئاساستا ھەر بىر ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى تۆۋەندىكى ئۈچ نوقتىغا يىغىنچاقلايمىز:

مۇسۇلماننىڭ ياراتقۇچى ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتى:

ئىنساننى يوقتىن بار قىلىپ ئەڭ گۈزەل شەكىلدە ياراتقان ئىگىسى ئاللاھنىڭ بىرلىك ۋە بارلىقىنى چىن دىلى بىلەن تونۇپ ئىقرار قىلىش، ئىبادەتلەرنى توغرا ۋە مۇكەممەل ھالدا ئادا قىلىش، پۈتۈن ھاياتىنى ئىسلام شەرىئىتى كۆرسەتمىسىگە مۇۋاپىقلاشتۇرۇش. ئىبادەتنى ئاللاھنى كۆرمىسەكمۇ ئاللاھ بىزنى كۆرۈپ تۇرغان بولغاچقا ئاللاھنى كۆرۈپ تۇرغاندەك ھېسسىيات بىلەن قىلىش.

بىزدە ئۇيغۇر دېگەننىڭ ئۆزىلا مۇسۇلمان دېگەن بولىدۇ دەپلا چۈشىنىدىغان خاتا چۈشەنچە مەۋجۇت . ئەمەلىيەتتە مۇسۇلمان بىلەن غەيرى مۇسۇلماننىڭ پەرقى_ ئۇيغۇر ياكى ئەرەب مىللىتىدىن بولغانلىقتا ئەمەس. بەلكى ئىنساننىڭ دىلىدىكى ئىمانى، قىلغان ئەمەل - ئىبادەت، ئىش - ھەرىكەت، كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلىرىدە ئىپادىلىنىدۇ.

مۇسۇلمانلىق_ ئىسمى مۇسۇلمانچە مۇھەممەد، ئەھمەد، ئابدۇللا دېگەندەك ئىسملارنىڭ بولىشى ۋە ئۆلگەندە نامىزىنى چۈشۈرۈپ مۇسۇلمانلار قەبرىستانلىقىغا دەپىن قىلىش بىلەن بولمايدۇ.

گەرچە ئىنسان ئۆزىنى مۇسۇلمان دەپ تۇرۇپ ناماز ئوقمىسا، روزا تۇتمىسا، زاكات بەرمىسە، ئىجتىمائىي ھاياتىدا ھالال - ھارامغا دىققەت قىلمىسا، ھۆكۈمەت خىزمىتىنى قىلغانلار پارتىيە ئەزاسى بولسا، جازانە (ئۆسۈم) قىلسا، باشقىلارنىڭ ھەق - ھوقۇقىغا تاجاۋۇز قىلسا، ئۇنداق ئادەمنى مۇسۇلمانلار قاتارىدا ساناشقا بولمايدۇ.

مۇسۇلماننىڭ ئۆزىگە قارىتا مەسئۇلىيتى:

مۇسۇلمان ئۆزىگە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشى كېرەك. ئىنسان ئۆزىنىڭ سالامەتلىكىگە دىققەت قىلىشى، ئۆستىدىكى مەجبۇرىيەتلەرنى مۇكەممەل بىجىرىشى، جىسمانى تازىلىقىغا ئەھمىيەت بېرىشى، ئۆزىنى ۋە ئائىلىسىنى تاشلىۋەتمەستىن بەختلىك تۇرمۇش ئۈچۈن تىرىشىشى، ۋاقتىنى بىكار ئۆتكۈزمەستىن پايدىلىق ئىشلارنى قىلىشى، ئىلىم ئادىمى بولسا، داۋاملىق تىرىشچانلىق كۆرسىتىش ئارقىلىق ئىزدىنىپ يۇقىرى بىلىم ئىگەللىشى، كەسىپ ئەھلى بولسا، ئۆز كەسپىنى پىششىق ئىگەللىگەندىن سىرت باشقىلارغا مەنپەئەت يەتكۈزۈشكە تىرىشىشى، قانائەتچان بولماستىن يېڭىلىققا ئىنتىلىپ ئىزدىنىپ تۇرۇشى كېرەك. ئىنسان ئۆلگەندىن كېيىن ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا ھاياتىنى نېمە ئىشلار بىلەن ئۆتكۈزدى، ئېرىشكەن مال - دۇنيالىرىنى نەدىن تاپتى ۋە نەگە سەرپ قىلدى، بىلگەن ئىلمىنى نېمىگە ئىشلەتتى، دېگەندەك سوئاللارغا ئەلۋەتتە دۇچ كېلىدۇ. شۇ ئېغىر كۈن ئۈچۈن بېرىدىغان ھېساباتىنى بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىدە توغرىلاش كېرەك. بۇ ھاۋايى - ھەۋەسنىڭ كەينىگە كىرىپ، كۆڭۈل تارتقان ئىشلارنىڭ ھەممىنى قىلىدىغان ئىگىسىز دۇنيا ئەمەس.

جەمئىيەتكە قارىتا بولغان مەسئۇلىيەت:

جەمئىيەت ئۇقۇمى ئۆز ئائىلىسىدىن باشلانغان پۈتۈن ئىنسانىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ئىنساننىڭ ئاتا - ئانىسى، ئاكا - ئۇكىلىرى، ئاچا - سىڭىللىرى، خوتۇن - باللىرى، دوست بۇرادەرلىرى، خۇلۇم - خوشنىلىرى ۋە تونۇشلىرىغا قارىتا مەسئۇلىيتى بار. ئىسلام دىنى يۇقىرىقىلار ھەققىدە ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەت دائىرىسىنى تەپسىلى ئوچۇق - ئاشكارا كۆرسەتكەن.

قارايدىغان بولساق، ئاتا - ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ رازىلىقىنى ئالغان كىشىلەر ئۇلار ھايات بولسۇن ياكى ئۆلۈپ كەتكەن بولسۇن ماددى ۋە مەنىۋىي تەرەپلەردە ياخشى تۇرمۇشتا ئۆتىدۇ. ئاتا - ئانىسىنى قاخشاتقانلارنىڭ ياخشى كۈن كۆرگىنى يوق دېيەرلىك.

جەمئىيەتتە كىشىلىك ئورنىنى مۇئەييەنلەشتۈرگەن ئادەم ئۆزى ئۈچۈن ياشاشنى مەقسەت قىلماستىن باشقىلار ئۈچۈن ياشايدۇ. ئائىلىسىدە ئۆي ئىشلىرىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ. خىزمەت ئورنىدا قىلىۋاتقان خىزمىتىدىن نەتىجە يارىتىپلا قالماستىن، داۋاملىق يېڭىلىق يارىتىشقا تىرىشىدۇ. ئاممىنىڭ ئىشىغا ئەھمىيەت بېرىپلا قالماستىن، ھەر قانداق پايدىلىق سورۇنلارغا ئاكتىپ قاتنىشىپ، يىغىن- مەجلىسلەر، تەشكىلات خىزمەتلىرى، ھەيئەت — جەمئىيەتلەرنىڭ غەلىبە قىلىشى ئۈچۈن بىجانىدىل ئاكتىپ خىزمەت قىلىدۇ.

بەزى ئىنسانلار مەۋجۇتكى ئائىلىسىنىڭ ماددى ئېھتىياجى ئېغىر بولغىنىغا قارىماي بىھۇدە ئىشلار بىلەن ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈپ ئويۇن - تاماشا سورۇنلىرىدا كۈن - كۈنلەپ بىكار يۈرىدۇ. زاۋۇت فابرىكىلاردا ئىشلىسە خىزمەت ئۈنۈمى بىلەن ھېسابلاشماستىن كۈن ئۆتكۈزۈپ مائاش ئېلىشنىلا ئويلايدۇ.

ئىنسان جەمئىيەتتە ياشايدىغان بىر كىشىلىك ئادەم بولۇپلا ياشىماستىن، ئىمتىياز ئېگىسى بولۇپ ياشاشقا تېرىشىش، دۇچ كەلگەن ھەر ساھە مەسىلىلەرنى ئىمكان بار ھەل قىلىپ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ چىقالايدىغان بولۇشقا توغرا كېلىدۇ.

بىز مۇسۇلمان جەمئىيەتلەرنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتىنى ئىنچىكە تەكشۈرىدىغان بولساق، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ رىئال مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈش ئويىاقتا تۇرسۇن، ئۆز دىيارىمىز ۋە ياشاۋاتقان مۇھىتىمىزدىكى يۈز بېرىۋاتقان ھادىسىلەرگە تەسىر كۆرستىشتە ھېچقانداق رولىمىز بولمايۋاتىدۇ. ھەتتا دۆلەتنىڭ يوقىرى قاتلام مەسئۇللىرىمۇ ئۆزىنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇقلىرىنى جارىي قىلدۇرۇشتا بىخۇدلۇق قىلىۋاتىدۇ. بۇلار جەمئىيەتنىڭ ئالدىدا مەسئۇل ئەمەسمۇ؟!!

مۇسۇلمان جەمئىيەتلىرى قۇدرەتلىك دۆلەت قۇرۇش يولىدا تىرىشچانلىق كۆرسەتمەستىن چىرىكلىك، ئەخلاقسىزلىق، ھورۇنلۇق، ئۈمىدسىزلىك ئاپەتلىرى بىلەن مەستخۇش ئۇيقۇسىدىن ئويغانماي كېتىپ بارماقتا. ئىسلام ئۈممىتى بارلىق ساھەلەر بويىچە پەللىمۇ پەللە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



چۈشكۈنلۈك ۋە بىر - بىرىدىن ئاچچىق مەغلۇبىيەتلەرنىڭ شارابىنى ئىچىشكە مەجبۇر بولماقتا. بۇنىڭ بىرىدىن بىر سەۋەبى تەرەققىياتقا يۈكسىلىشكە، زامانىۋى تېخنىكىغا ئىنتىلمەسلىك بولسا كېرەك.

قارايدىغان بولساق ياپونىيە 2- دۇنيا ئۇرۇشىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغاندىن بېرى تەرەققىيات ئىشلىرىنى نۆلدىن باشلىغان بولسىمۇ بۈگۈنكى كۈندە ئەڭ زامانىۋى ۋە ئەڭ تەرەققى قىلغان دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالدى. ئەكسىچە ياپونىيەدىن بۇرۇن مۇستەقىللىققا ئېرىشكەن، ئۆز - ئۆزىگە خوجا ئەرەب ئىسلام دۆلەتلىرى ھازىرغىچە ئارقىدا قېلىپ، ئىشسىزلىق، زامانىۋى تېخنىكىلارغا مۇھتاج بىر ئەھۋالدا تۇرماقتا! بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە ئىكەنلىكى ئۈستىدە سوئال قويۇپ ئويلىنىشقا تېگىشلىك مەسىلە.

ئىسلام دۇنياسىنىڭ ھازىرقى ۋەزىيىتى_ مۇسۇلمانلاردىكى پەرۋاسىزلىق، بىكار تەلەپلىك، ئىنتىزامسىزلىق، ۋە خۇدىنى يوقۇتۇش تۈپەيلى ھەقىقى بىر كىرىزىس ئىچىدە تۇرماقتا. بىز ئۇيغۇرلارمۇ، ئىسلام دۇنياسىنىڭ بىر پارچىسى بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن مەزكۇر ئىللەتلەر تۈپەيلى بەلكى ئۇنىڭغا ئىلاۋە مۇستەملىكە سەۋەبىدىن قوش كىرىزىس ئىچىدە ياشىماقتىمىز. بۇ پاجىئەلەرنىڭ پۈتۈن سەۋەبلىرىنى يېغىنچاقلاپ ئېيتقاندا، شەخسلەر، ھاكىملار، مەھكۇملار بىردەك مەسئۇلىيەتتىن قاچقانلىقتىن مۇشۇنداق بولغان دەپ قارايمەن. مەسئۇلىيەتتىن قېچىش تۆۋەندىكىدەك ئەھۋاللارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ:

● ئۆزى، ئائىلىسى ۋە جەمئىيىتى ھەققىدە سادىر قىلغان كەمچىلىكلىرىنىڭ جىنايىتىنى باشقىلارغا ۋە جەمئىيەتكە ئارتىش.

● ئىجادىيەت، كەشپىيات يارىتىش روھىنى ئۆلتۈرۈپ، تارىخى ئۆتمۈشىدىن پەخىرلىنىپلا يۈرۈش.

● ئىجتىمائى پاراۋانلىقنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشى، ھەمكارلىق ۋە ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىش روھىنىڭ يوقلىشى سەۋەبىدىن شەخسى گۈللىنىش ۋە ئاممىۋى تەرەققىيات يولىدا پىلان - لايىھە تۈزۈش رىغبىتىنىڭ بولماسلىقى.

● ھەر لەھزىدە يۈز بېرىۋاتقان يەرلىك ۋە خەلقئارا مەسىلىلەرگە ئىزتىراپ ۋە ھەيرانلىق نەزىرى بىلەن قاراش.

● دۈچ كەلگەن قىيىنچىلىق ۋە كىرىزىسلاردىن ئۆزىنى تارتىۋېلىش ئارقىلىق كىرىزىسنى تېخىمۇ مۇرەككەپلەشتۈرۈپ قويۇش.

● جەمئىيەتنىڭ ھەر تەبىقە كىشىلىرىدە خار - زەبۇنلۇق، ئۈمىدسىزلىك تۇيغۇسى ئومۇملىشىپ كېتىش تۈپەيلىدىن قۇرتۇلۇش ۋە يۈكسىلىش يولىدا بەلنى قويۇپ بېرىش.

● ئادەم كۈچىنىڭ كۆپلىكى، بايلىقنىڭ ھېسابتىن تاشقىرى موللىقى، يەر ئاستى ۋە يەر ئۈستى بايلىقلارنىڭ خەلقنىڭ ئۈستىگە بالايى_ ئاپەت بولۇپ قېلىشى.

● كىرىس ۋە قىيىنچىلىقلارنىڭ ئالدىن ئېلىشتا چارە - تەدبىر ئىزدىمەستىن تەسلىمچىلىك پوزىتسىيىسىدە بولۇش.

يۇقىرىدەك خەتەرلىك ۋىرۇسلار مەسئۇلىيەتسىزلىك ۋە بىپەرۋالىقتىن كېلىپ چىقىدۇ.

مەسئۇلىيەتتىن قاچقانسىرى ئىنساننى جىسمانى، روھىي ئىللەتلەر ھەر تەرەپتىن چىرماشقا باشلايدۇ. بۇ تەرەققىي قىلىپ ئۆزىنى ماددى ۋە مەنىۋى تەرەپتىن قۇتقۇزۇش ئۇياقتا تۇرسۇن، ۋىجدان، شەرەپ، ۋەتەن، ھايات ھەتتاكى ئىمانىنىمۇ ساتىدىغان ھالغا ئېلىپ بارىدۇ.

ئىنساننىڭ مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭىنى يېتىلدۈرۈش ئۈچۈن بالىلىق ۋاقتىدىن تارتىپ پۇختا ئۇل سېلىشقا توغرا كېلىدۇ. يېشىغا توشمىغان بالىدىمۇ مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى يېتىلىشى كېرەك. قىسقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئىسلام دۇنياسى دۈچ كېلىۋاتقان ھازىرقى سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي ئەڭ مۇھىمى ئەقىدە كىرىزىسى يېڭى ئەۋلاتلارنى مەسئۇلىيەتچانلىق ئېڭى بىلەن پۇختا، سەبىرچان قىلىپ تەربىيىلەشنى تەلەب قىلىدۇ.

سۆزۈمنى بوۋىلارنىڭ مونۇ ھېكمەتلىك سۆزى بىلەن تاماملاشنى مۇناسىپ كۆردۈم: "ئىمان كېتەر شوخلۇقتىن، دۇنيا كېتەر بوشلۇقتىن" ■

بۇ ماقالە "يۈكسىلىش يولىدىكى قىيىنچىلىقلار"ناملىق كىتابتىكى ئابدۇلۋاھىد ئولۋانىينىڭ مەسئۇلىيەت ناملىق ماقالىسىغا ئاساسلىنىپ تەييارلاندى.

16-03-2005 ئىستانبۇل



# ئىلىمنىڭ ئەدەب - ئەخلاقلىرى

**دوكتۇر يۈسۈپ قەرەداۋى**

ئىسلامنىڭ نەزىرىدە بىلىم ئىگەللەش دېگەنلىك مەلۇماتلارنى مېڭىگە قاچىلاپ قويۇشنىلا كۆرسەتمەيدۇ، ئىگەللىگەن بىلىمنىڭ قەدرى- قىممىتى ھەر قانچە يۇقىرى، ھەتتا پەيغەمبەرلىك يولىدىن ئېلىنغان ئەڭ يۈكسەك ئىلىم بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، ئۇنى كاللىغا قاچىلاپ قويۇش بىلەنلا كۇپايىلەنمەيدۇ، بەلكى ئىلىم ئۆز ساھىبى ۋە ئۆز ئەھلىگە پەرز قىلغان ئەدەب- ئەخلاق، مەسئۇلىيەتلەرنىڭ توغرا ئىجرا قىلىنىشىنى قاتتىق تەلەپ قىلىدۇ.

ئىلىم ئىگىلىرىگە نىسبەتەن ئۆزلەشتۈرۈشلىش ئەڭ زۆرۈر بولغان ئەدەب، قائىدىلەرنى تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئىخچاملايمىز:

مەسئۇلىيىتىنى تونۇش:

ئالىملار رىئايە قىلىش زۆرۈر بولغان ئەخلاقلارنىڭ بىرى ئۆز مەسئۇلىيىتىنى تونۇش، چۈنكى ئالىملار پەيغەمبەرلەرنىڭ ۋارىسلىرىدۇر. دۇنيادا پەيغەمبەرلىكتىنمۇ يۇقىرى مەرتىۋە، ھەممىدە بۇ مەرتىۋىگە ۋارىسلىق قىلغۇچىلارنىڭ دەرىجىسىدىنمۇ كاتتا دەرىجە بولمايدۇ، دەل شۇ دەرىجىگە بېقىپ ئۇنىڭ تېگىشلىك مەسئۇلىيەتلىرىمۇ بولىدۇ.

مۇئاز بىن جەبەل (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) نىڭ رىۋايەت قىلىشىچە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: "قىيامەت كۈنى ئىنساندىن "ھاياتىنى نېمىگە سەرپ قىلدى؟ ياشلىقىنى قانداق ئىشلار بىلەن خوراتتى؟ مال- دۇنياسىنى قەيەردىن تېپىپ، قەيەرگە خىراجەت قىلدى؟ ئىگەللىگەن ئىلمى بىلەن قانداق خىزمەت قىلدى؟" دېگەن تۆت تۈرلۈك جاۋابكارلىق سۈرۈشتە قىلىنمىغۇچە ھېچ بىر تەرەپكە قىمىرلىيالمايدۇ." (بەززار، تەبەرانى رىۋايىتى)

ئىنساننىڭ بىلىمى قانچە چوڭقۇرلاشقانسىرى مەسئۇلىيىتىمۇ شۇنچە ئېغىرلىشىدۇ، بىر مەسىلىنى بىلگەن ئادەم بىلەن ئۇن ياكى يۈز مەسىلىنى بىلگەن ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى ھەرگىز ئوخشىمايدۇ، مال- دۇنياسى كۆپ كىشىنىڭ ھېسابى كۆپ، سوراق- سوئالى ئۇزۇن، جاۋابى تەس بولغىنىدەك، ئىلمى كۆپ، مەلۇماتقا باي ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتىمۇ كاتتا ھەم ئېغىر بولىدۇ.

دېمەك، ئالىمنىڭ تۆۋەندىكىدەك بىر قانچە تەرەپتە مەسئۇلىيىتى بولىدۇ:

ئالىم ئىلمىنى ئۇنتۇپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ياخشى مۇھاپىزەت قىلىشقا، تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تەتقىق قىلىشقا، مىۋە بېرىش ئۈچۈن ئىلمىغا ھەقىقى ئەمەل قىلىشقا، نەتىجىگە ئېرىشىش ئۈچۈن بىلگەننى ئۆگىتىشكە، ھەممىدىن مۇھىمى ئاللاھنىڭ قوبۇل قىلىشى ئۈچۈن ئىلمىگە ئىخلاسمەن بولۇشقا مەسئۇل بولىدۇ.

مالىك بىن دىنار ھەسەن بەسرىيدىن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى نەقىل كەلتۈرىدۇ: " قىيامەت كۈنى ئاللاھ تائالا ئىنسانلارنىڭ ھەر بىر ئېغىز سۆزىدە نېمىنى مەقسەت قىلغانلىقىدىنمۇ جاۋاب ئالىدۇ."

فەقىھ ھەم زاھىدلاردىن بولغان ساھابە ئەبۇ دەرداﺋ (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازا بولسۇن) مۇنداق دېگەن: "قىيامەت كۈنى پەرۋەردىگارىم مېنى خالايىقلارنىڭ ئالدىدا چاقىرىپ ئى ئەبۇ دەرداﺋ ئىلمىڭ بىلەن نېمە ئىشلارنى قىلدىڭ دەپ جاۋابكارلىققا تارتسا، "نېمە دەپ جاۋاب بېرەرمەن؟" دەپ قورقىمەن." (بەيھەقى رىۋايىتى)

2- ئىلمىگە خىيانەت قىلماسلىق:

ئىماننىڭ جۈملىسىدىن بولغان ئىلىمدىن ئىبارەت ئامانەتكە رىئايە قىلىش ئالىملار ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ئەخلاقلارنىڭ بىرى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئامانەتدارلىق بولمىغان ئادەمدە ئىمان بولمايدۇ. ئاللاھ تائالا مۆمىنلەرنى سۈپەتلەپ مۇنداق دېگەن: «ئۇلار(يەنى مۆمىنلەر) ئۆزلىرىگە تاپشۇرۇلغان ئامانەتلەرگە ۋە بەرگەن ئەھدىسىگە ئەمەل قىلغۇچىلاردۇر.» (مۆمىن سۈرىسى، 8- ئايەت.)

خۇددى ئامانەت ئىماننىڭ جۈملىسىدىن بولغىنىغا ئوخشاش، خىيانەت مۇناپىقلىقنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئامانەتكە خىيانەت قىلىش مۇناپىقلىقنىڭ روشەن ئالامىتى بولۇپ سانىلىدۇ.

ئابدۇللاھ بىن ئاببباس (ئاللاھ ئۇ ئىككى كىشىدىن رازى بولسۇن) پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مۇنداق دېگەنلىكىنى رىۋايەت قىلىدۇ: " ئىلىمگە سەممىي بولۇڭلار، چۈنكى ئىلىمگە خىيانەت قىلىش مال- مۈلۈككە خىيانەت قىلغاندىن ئېغىردۇر، ئاللاھ قىيامەت كۈنى چوقۇم سىلەردىن ھېساب ئالىدۇ." (تەبرانى رىۋايىتى)

ئىلىمگە قىلىنغان خىيانەتنىڭ مال- مۈلۈككە قىلىنغان خىيانەتتىن ئېغىر بولۇشىدىكى سەۋەب شۇكى، گەرچە مال - مۈلۈك خىيانىتى ھەرقانچە چوڭ بولۇپ كەتكەن تەقدىردىمۇ، كەلتۈرىدىغان زىيىنى چەكلىك بولىدۇ، ئەمما ئىلىمگە قىلىنغان خىيانەت پۈتۈن بىر جەمئىيەتنى زاۋاللىققا يۈزلەندۈرىدۇ.

پىكىرنى ئۆز ئىگىسىگە نىسبەت بېرىش ئىلىمنىڭ ئامانەتلىرىدىن ھېسابلىنىدۇ، باشقىلارنىڭ سۆز- پىكىرلىرىدىن پايدىلىنىپ، ئاخىرىدا ئۇنى ئۆزىنىڭ قىلىپ كۆرسىتىش خىيانەت ۋە ئوغۇرلۇق ھېسابلىنىدۇ.

ئىلگىرىكىلەر مۇنداق دېگەن: ئۆز ئىگىسىگە نىسبەت بېرىلگەن سۆز ئەڭ بەرىكەتلىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلگىرىكىلەرنىڭ كىتابلىرى مەلۇماتلار ئېلىنغان مەنبەلەر بىلەن بېزەلگەن، مەنبە ھەدىس ۋە دىنىي ئىلىملەردىلا ئەمەس بەلكى تارىخ، تىلشۇناسلىق، ئەدەبىيات قاتارلىق ئىلىم ساھەلىرىنىڭ ھەممىسىدە ئوخشاشلا ئالاھىدە ئېتىبارغا ئىگە.

ئالىملارنىڭ بىلمەيدىغان مەسىلىلەرگە خىجىل بولماستىن، تەكەببۇرلۇق قىلماستىن: "بىلمەيمەن" دەپ جاۋاب بېرىشى ۋە ئۆزىدىن ياشتا كىچىك ياكى ئىلىمدە تۆۋەن بىر كىشىدە ئىلمىي مەنپەئەت، ئىلمىي ھەقىقەتنى كۆرگەن ھامان ئۇنى قوبۇل قىلىشى ئىلىمنىڭ ئامانەتلىرىدىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام جامائەتلەر ئالدىدا قىيامەتنىڭ قايسى ۋاقىتتا يۈز بېرىدىغانلىقى توغرىسىدا سوئال سورالغاندا: "بۇ ھەقتە سوئال سورالغۇچى سوئال سورىغۇچىدىن ئىلىملىك ئەمەس" دەپ كەسكىن ۋە ئوچۇق جاۋاب بەرگەن.

جۇبەير ئىبن مۇتئەمدىن مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: بىر ئادەم: ئى ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى! قانداق جاي ئاللاھقا ئەڭ ياخشى، قانداق جاي ئاللاھقا ئەڭ يامان كۆرۈنىدۇ؟ دەپ سورىغاندا، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: جىبرىئىل ئەلەيھىسسالامدىن سورىمىسام مەن بىلمەيمەن دەپ جاۋاب بەرگەن، جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا: "ماكانلارنىڭ ئاللاھقا ئەڭ ياخشى كۆرۈنىدىغىنى مەسجىدلەر، ئەڭ يامان كۆرۈنىدىغىنى بازارلار" دەپ خەۋەر بەرگەن. (ئەھمەد، ئەبۇ يەئلا، ھاكىم رىۋايىتى)

ئامانەتدار ئالىم سوئال سورىغۇچىلارنى ئەيىبلىمەيدۇ، بىلگەن نەرسىلىرىنى كىشىلەردىن ئايىمايدۇ، كىشىلەرنى ئۆزلىرى قانائەت ھاسىل قىلغان، تەجرىبىدىن ئۆتكەن يېڭىلىقلارغا باشلايدۇ.

ئىلىمسىز تۇرۇپ كىشىلەرگە پەتىۋا بەرگەن ياكى مەسلىھەت سورىغۇچىلارغا بىلىپ تۇرۇپ خاتا مەسلىھەت بەرگەن كىشى ئامانەتكە ئەڭ چوڭ خىيانەت قىلغان بولىدۇ ۋە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن ئازابقا دۇچار بولىدۇ. ھەدىس شەرىپتە مۇنداق بايان قىلىنغان: "ئىلىمسىزلىك بىلەن پەتىۋا بەرگەن كىشىنىڭ گۇناھى پەتىۋا بەرگۈچىنىڭ ئۆزىگە بولىدۇ، قېرىندىشىغا بىلىپ تۇرۇپ خاتا مەسلىھەت بەرگەن كىشى قېرىندىشىغا ئەڭ چوڭ خىيانەت قىلغان بولىدۇ." (ئەبۇ داۋۇد، ھاكىم رىۋايىتى)

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ۋە ئۇلارنىڭ يولىنى تۇتقان ئالىملار ئۆزى بىلمىگەن مەسىلىنى بىلمەيمىز دېيىشتىن، بىرەر مەسىلە ئۈستىدە ھۆكۈم چىقىرىپ بولۇپمۇ، كېيىن ئۇنىڭدىن ئۆنۈملۈك ئىككىنچى بىر ھۆكۈمگە يېنىشتا چوڭچىلىق قىلمايتتى.

مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر بىن خەتتاب (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) مىنبەردە ئاياللارنىڭ تويلۇق مېھرى ھەققىدە سۆز قىلىپ خۇتبە ئوقۇۋاتقاندا، بىر ئايال ئۆمەرگە رەددىيە بېرىدۇ، ئۆمەر (ر.ئە) شۇنچە كۆپ خەلق ئالدىدا ئۆزىنىڭ خاتا قىلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىپ: " خەلق ئۆمەردىن ئالىم ئىكەن" دەيدۇ.

مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى (ئاللاھ ئۇ كىشىدىن رازى بولسۇن) مۇنداق دېگەن: "سىلەرنىڭ بىرىڭلار بىلمىسە ئۆگىنىشتىن، بىلمەيدىغان نەرسە ھەققىدە سوئال سورالسا: بىلمەيمەن دېيىشتىن خىجىل بولمىسۇن"

مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئەلى بىر كىشىنىڭ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بەرگەندە، ئۇ كىشى: ئى مۆمىنلەرنىڭ ئەمىرى! جاۋاب توغرا بولمىدى، توغرىسى مۇنداق بولىشى كېرەك! دېگەندە، ئەلى: "سەن توغرا ئېيتتىڭ، مەن خاتالاشتىم، ھەر قانداق بىلىم ئىگىسىنىڭ ئۈستىدە بىلىملىك زات بار" دەپ جاۋاب بەرگەن. (ئىبن جەرىر، ئىبن ئابدۇلبىر رىۋايىتى)

ئۆگەنگەن ئىلمىنى خەلققە يەتكۈزۈشكە ھېرىسمەن بولۇش، كەمتەر بولۇش، ئىلىمگە ئەمەل قىلىش قاتارلىق ئالىملار قەتئىي رىئايە قىلمىسا بولمايدىغان ئىلىم ئەخلاقلىرى بار. ئاللاھ خالىسا بۇ ھەقتە كېيىن توختىلىمىز.■

ئىلھام قادىر تەرجىمىسى



# ھەقىقىي ھايات ئىماندا

تەييارلىغۇچى: ئابلىكىم تۇرسۇن

ھەقىقىي مەنىدىكى يوقسۇللار ئىماندىن ئىبارەت كاتتا بايلىقتىن نېسىۋىسى بولمىغانلاردۇر. ھەقىقىي بەختسىزلەر ئىماننىڭ سائادىتىدىن مەھرۇم بولغۇچىلاردۇر. ئۇلار ھەمىشە بەخىسىزلىك، خورلۇق، مەنىۋىي يوقسۇللۇق ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئۆتكۈچى مەخلۇقلاردۇر. «كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ»[تاھا سۈرىسى124-ئايەت].

كىشىنى غەم - ئەندىشە، ھەسرەت - نادامەت ۋە ھەر قانداق قورقۇنچتىن ئازات قىلىپ، ئۇنى بەختلىك قىلىدىغان ۋە ئۇنىڭغا مەڭگۈلۈك خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان نەرسە شۈبھىسىزكى، ئىماندۇر! پەقەت ئىمان بىلەنلا ھاياتنىڭ تەمىنى، ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى تېتىغىلى بولىدۇ.

ئىمانسىزلارنىڭ مۇسىبەت ۋە غەم - ئەندىشە ۋە ئېغىر كۈنلەرگە يۇلۇققىنىدا تاللايدىغان بىرلا يولى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋېلىش، شۇ ئارقىلىق بۇ دۇنيانىڭ خاپىلىقلىرىدىن بىراقلا قۇرتۇلۇشتىن ئىبارەتتۇر. ئىمانسىزلار نېمە دېگەن بەختسىزلەر، ھە. «ئۇلارنىڭ دىللىرىنى، كۆزلىرىنى ھەق (نى چۈشىنىش ۋە كۆرۈش) تىن بۇرۇۋېتىمىز، ئۇلار دەسلەپتە مۆجىزىلەرگە ئىشەنمىگىنىدەك (يەنە ئىشەنمەيدۇ)، ئۇلارنى گۇمراھلىقلىرىدا تېڭىرقاپ يۈرۈشكە قويۇۋېتىمىز» [ ئەنئام سۈرىسى 110- ئايەت].

ئىنسانلار ئۇزۇن يىللىق تارىخىي كەچۈرمىشلىرى نەتىجىسىدە، ئىمانسىزلىقنىڭ بەختسىزلىك، بۇتلارغا چوقۇنۇشنىڭ خۇراپات، ئاتېئىزملىقنىڭ ئالدامچىلىق ئىكەنلىكىنى، پەيغەمبەرلەرنىڭ راستچىللىقىنى ۋە ئاللاھنىڭ ھەق ۋە راست ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىپ يەتتى.

ھەركىمنىڭ سائادەت ۋە خاتىرجەملىكتىن ئالىدىغان نېسىۋىسى ئۇنىڭ ئىمانىنىڭ كۈچىگە قاراپ بولىدۇ. «ئەر - ئايال مۆمىنلەردىن كىمكى ياخشى ئەمەل قىلىدىكەن، بىز ئۇنى ئەلۋەتتە (دۇنيادا ) ئوبدان ياشىتىمىز، ئۇلارغا، ئەلۋەتتە، قىلغان ئەمەلىدىنمۇ ياخشىراق ساۋاب بېرىمىز» [نەھل سۈرىسى 97- ئايەت]. بۇ ئايەتتىكى« ئوبدان ياشىتىمىز»دىن مەقسەت، كۆڭۈللىرىنىڭ ئاللاھ ۋەدە قىلغانلار بىلەن خاتىرجەم بولۇپ ئارام تېپىشى، قانائەتچانلىق بىلەن ھاياتنىڭ باشقىلار تېتىيالمىغان تەمىنى تېتىشى، ھەرقانداق ئوڭۇشسىزلىقلار، مۇسىبەتلەر ۋە قولدىن بېرىشلەر ئالدىدا تەۋرەنمەستىن بەختلىك ھاياتقا داۋام قىلىشى، قازاغا رازى بولۇپ ئۆزىنى يوقىتىپ قويماسلىقى ۋە باشقىلاردۇر. چۈنكى مۆمىنلەر ئاللاھنى رەببىم، ئىسلامنى دىنىم ۋە مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى پەيغەمبىرىم دەپ قوبۇل قىلغان كىشىلەردۇر.

### ئىمان قۇرتۇلۇش يولىدۇر

«ئىلىم - پەن دەۋرىدە ئاللاھ تەجەللى قىلماقتا»دېگەن ئەسەردىن مۇنۇ ھەقىقەتنى بايقىدىمكى، كىشىلەرنى ھەر قانداق غەم - ئەندىشىلەردىن قۇتقۇزىدىغان نەرسە پەقەت ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ۋە ئىشلارنى ئاللاھقا تاپشۇرۇشتۇر! «كىشىگە يەتكەن ھەر قانداق مۇسىبەت پەقەت ئاللاھنىڭ ئىزنى (يەنى قازاسى) بىلەنلا (يېتىدۇ)، كىمكى ئاللاھقا (يەنى ھەر قانداق مۇسىبەت ئاللاھنىڭ قازاسى بىلەن يېتىدۇ دېگەن سۆزگە) ئىشىنىدىكەن، ئاللاھ ئۇنىڭ قەلبىنى (سەۋرگە) يېتەكلەيدۇ». [ تاغابۇن سۈرىسى 11- ئايەت]. ئاللاھ قەلبىنى سەبىرگە يېتەكلىگەنلەر مۇسىبەتلەر ۋە ھەرقانداق كۆڭۈلسىزلىكلەر ئالدىدا تەۋرەنمەيدۇ، ئۆزىنى يوقىتىپ قويمايدۇ ۋە بەختلىك ھاياتىغا داۋام قىلىۋېرىدۇ.

غەربنىڭ «كىرسى مورىسون»، «ئالېكسىس كارېل»، «دائىل كارنېك» ۋە باشقىلار قاتارلىق مەشھۇر يازغۇچىلىرى غەربلىكلەرنىڭ ماتېرىيالىستىك پىكىرلەر سەۋەبلىك زاۋاللىققا يۈز تۇتقان ھۇزۇرسىز ھاياتىنى قۇتقۇزىدىغان نەرسىنىڭ پەقەت ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش ئىكەنلىكىنى ياخشى تونۇپ يەتكەن. ئۇلار غەرب دۇنياسىدا ئومۇملاشقان ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىش پالاكىتىنىڭ بىردىنبىر سەۋەبى ئىمانسىزلىق ئىكەنلىكىنى ئوچۇق جاكارلىغان. «ئاللاھنىڭ يولىدىن ئازغانلار ھېساب كۈنى (يەنى قىيامەت كۈنى)نى ئۇنتۇغانلىقلىرى ئۈچۈن

ھەقىقەتەن قاتتىق ئازابقا دۇچار بولىدۇ» [ساد سۈرىسى 26- ئايەت].

«ئوتتۇرا شەرق»گېزىتىنىڭ1995- يىلى 5- ئاۋغۇست كۈندىكى سانىدا، ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىنىڭ سابىق رەئىسى جورج بۇشنىڭ ئايالىنىڭ كۈندىلىك خاتىرە دەپتىرىدىن بەزى ئەسلىمىلىرى ئېلان قىلىنغان بولۇپ، ئۇنىڭدا جورج بوشنىڭ ئايالى ھاياتىدا كۆپ قېتىم ئۆلۈۋېلىشقا ئۇرۇنغانلىقى قەيت قىلىنغان.

ئۇھۇد غازىتىدا، مۇسۇلمان قوشۇنىدىن بىر كىشى غازاتتا ئاجايىب باتۇرلۇقلارنى كۆرسىتىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ باتۇرلىقىغا قاراپ، «جەننەت ھالال بولسۇن بۇكىشىگە»دېيىشكەندە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام «ئۇ دوزاخ ئەھلىدىن بولىدۇ»دەيدۇ. ئۇ كىشى يارىلانغانلىقى ئۈچۈن قاتتىق ئاغرىققا چىدىماستىن، قىلىچى بىلەن ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋالىدۇ. « ئۇلار ھاياتىي دۇنيادا قىلغان ئەمەللىرى يوققا چىققان ئەمما ئۆزلىرى ئوبدان ئىش قىلدۇق دەپ ئويلىغان ئادەملەردۇر» [كەھف سۈرىسى 104- ئايەت].

## ئىمان دەرتكە داۋادۇر

مۇسۇلمان كىشى بېشىغا قانچىلىك ئېغىر كۈنلەر كەلگەندىمۇ، ھەرگىز ئۆزىنى ئۆلتۈرىۋېلىشنى ئويلىمايدۇ. پاكىز تاھارەت بىلەن ئىككى رەكئەت ناماز مۇسۇلماننىڭ ھەرقانداق غەم - قايغۇسى، دەرت - ئەلەملىرى ۋە بارچە مۇسىبىتىنى خاتىرجەملىككە، ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا يېتەكلەش ئۈچۈن يېتەرلىكتۇر. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قانداقلا بىر غەم - قايغۇغا يولۇققىنىدا نامازغا يۈزلىنەتتى. «مەمنۇن بولۇشۇڭ ئۈچۈن، كۈن چىقىشتىن ئىلگىرى، كۈن پېتىشتىن بۇرۇن، كېچە ۋاقىتلىرىدا ۋە كۈندۈزنىڭ دەسلەپكى ۋە ئاخىرقى ۋاقىتلىرىدا پەرۋەردىگارىڭغا تەسبىھ ئېيتقىن (يەنى ناماز ئوقۇغىن) ۋە ھەمدە ئېيتقىن» [تاھاسۈرىسى 130- ئايەت].

مەشھۇر پسىخولوگىيە ئالىمى دوكتور كارىل جائىگ « روھىيەت ئىزدەۋاتقان ھازىرقى ئىنسانلار»ناملىق ئەسىرىنىڭ 264- بېتىدە مۇنداق دەيدۇ:« ئۆتكەن 30يىل مابەينىدە، مېنىڭدىن مەسلىھەت سوراش ۋە روھىي كېسەللىكلىرىگە داۋا تېپىش ئۈچۈن ھەر قايسى مەملىكەتلەردىن مىڭلارچە كىشىلەر كەلدى. ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى 35ياشنىڭ ئۈستىدىكىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا دىنىنىڭ سايىسىدا ئۆزىگە بېرەر چىقىش يولى تېپىش ئارقىلىق ھاياتلىقىنىڭ تەمىنى تېتىشنى كۆزلىمەيدىغاندىن بىرىمۇ يوق ئىدى. كەسكىن ئېيتالايمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى دىنىنىڭ ئىمان ئېيتقانلارغا بېرىدىغانلىرىدىن مەھرۇم قالغانلىقتىن روھىي كېسەللىككە دۇچار بولغانلار ئىدى. ھەقىقىي ئىماندىن نېسىۋىسى بولمىغانلار بۇنداق كېسەللىكلىرىدىن ھەرگىزمۇ شىپا تاپالمايدۇ.»

«كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار (يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ» [تاھا سۈرىسى124-ئايەت].

«(مانا بۇ) قاتمۇقات قاراڭغۇلۇقلاردۇر، (بۇ قاراڭغۇلۇققا گىرىپتار بولغۇچى) قولىنى ئۇزاتسا بارماقلىرىنى كۆرەلمەيدۇ،ئاللاھ نۇر ئاتا قىلمىسا، كىم بولمىسۇن، نۇرنى كۆرەلمەيدۇ .»( نۇر سۈرىسى 40- ئايەت).

«ئىلاھلىقى ھەققىدە ھېچبىر دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى ئاللاھقا شېرىك قىلغانلىقلىرى ئۈچۈن، كاپىرلارنىڭ دىللىرىغا قورقۇنچ سالىمىز» [ئال ئىمران سۈرىسى 151- ئايەت].

## ئىنسانلار ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش ئېڭى بىلەن يارىتىلغان

ئىنسانلار روز قىيىنچىلىقلارغا دۇچ كېلىپ، قورقۇلۇش چارىلىرى تۈگىگەن ۋاقىتتا، ئۇلاردىكى ئاللاھقا يۈزلىنىشتىن ئىبارەت تەبىئىي ئاڭ ئەسلىگە كېلىدۇ - دە، پۈتۈن ئىخلاسى بىلەن ئاللاھقا يالۋۇرىدۇ ۋە ئۇنىڭدىن ياردەم تىلەيدۇ. بۇ ئىنسانلارنىڭ ئەزەلدىنكى تەبىئىيتىدۇر. «ئاللاھ سىلەرنى قۇرۇقلۇقتا (يەنى ئۇلاغلار ئۈستىدە)، دېڭىزدا (يەنى كېمىلەر ئۈستىدە) سەپەر قىلدۇرىدۇ، سىلەر ئولتۇرغان كېمە (كىشىلەرنى ئېلىپ) مەيىن شامالدا مېڭىۋاتقان ۋە (بۇ) شامالدىن ئۇلار خۇشاللىنىۋاتقان چاغدا، بىردىنلا بوران چىقىپ (كېمە ئۆرۈلىدۇ)، ئۇلار تەرەپ تەرەپتىن كۆتۈرۈلۈۋاتقان دېڭىز دولقۇنلىرى ئىچىدە قالىدۇ، كېمىدىكىلەر قورشىۋېلىنغانلىقىغا (يەنى ھالاك بولىدىغانلىقىغا) جەزمى قىلىدۇ، (چوقۇنۇۋاتقاتقان بۇتلىرىنى تاشلاپ قويۇپ ) «ئى خۇدا! ئەگەر سەن بىزنى بۇنىڭدىن (يەنى بالادىن) قۇتۇلدۇرساڭ، بىز چوقۇم شۈكۈر قىلغۇچىلاردىن بولىمىز» دەپ چىن كۆڭلى بىلەن دۇئا قىلىدۇ» [ يۇنۇس سۈرىسى 22- ئايەت].

ئەمما مۇسۇلمان ئادەم مەيلى باياشات كۈنلەردە بولسۇن، مەيلى زور قىيىنچىلىق كۈنلەردە بولسۇن، ھەر ۋاقىت ئاللاھقا دۇئا قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ياردەم سورايدۇ ۋە ئۇنى ئۇنۇتمايدۇ. «ئەگەر ئۇ تەسبىھ ئېيتقۇچىلاردىن بولمىسا ئىدى، بېلىقنىڭ قارنىدا ئەلۋەتتە قىيامەتكىچە قالاتتى.» [سافقات سۈرىسى 143- 144- ئايەتلەر].

كۆپىنچە كىشىلەر، ئاللاھقا پەقەت ھاجىتى چۈشكەندىلا دۇئا قىلىدۇ. مەقسىدى ئورۇنلانغاندىن كېيىنلا ئاللاھنى ئۇنۇتىدۇ. بۇ بىر غاپىللىق. چۈنكى ئاللاھ ئويۇنچۇق ئەمەس، ئۇنى كىچىك بالىلارنى ئالدىغاندەك ئالدىغىلى بولمايدۇ. «مۇناپىقلار ئاللاھنى ئالدىماقچى بولۇشىدۇ، ئاللاھ ئۇلارنىڭ ئالدامچىلىقىغا يارىشا جازا بېرىدۇ» [ نىسا سۈرىسى 142- ئايەت].

ئاللاھنى پەقەت ئۇنىڭغا ھاجىتى چۈشكەندىلا ياد قىلىدىغانلار ئازغۇن پىرئەۋننىڭ ھازىرقى زامان

مۇرتىلىرىدىندۇر. ئۆز ۋاقتىدا پىرئەۋنمۇ، جىنى ھەلقۇمغا يەتكەندە ئاللاھقا يالۋۇرغان ۋە ئۇنىڭغا ئىمان ئېيتقانلىقىنى دەۋا قىلغان. « بىز ئىسرائىل ئەۋلادىنى دېڭىزدىن ئۆتكۈزىۋەتتۇق، ئۇلارنى پىرئەۋن ۋە ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى زۇلۇم ۋە زوراۋانلىق قىلىش يۈزىسىدىن قوغلىدى. پىرئەۋن غەرق بولىدىغان ۋاقىتتا: «ئىمان ئېيتتىمكى، ئىسرائىل ئەۋلادى ئىمان ئېيتقان ئىلاھتىن غەيرىي ئىلاھ يوقتۇر، مەن مۇسۇلمانلاردىنمەن» دېدى. (ئۇنىڭغا دېيىلدىكى)« (ھاياتتىن ئۈمىد ئۈزگىنىڭدە) ئەمدى (ئىمان ئېيتامسەن؟) ئىلگىرى ئاللاھقا ئاسىيلىق قىلغان ۋە بۇزغۇنچىلاردىن بولغان ئىدىڭ. سەندىن كېيىنكىلەرگە ئىبرەت بولۇشۇڭ ئۈچۈن، بۈگۈن سېنىڭ جەسىتىڭنى قۇتقۇزىمىز (يەنى سېنىڭ جەسىتىڭنى دېڭىزدىن چىقىرىپ قويىمىز)». نۇرغۇن كىشىلەر، شەك - شۈبھىسىزكى، بىزنىڭ ئايەتلىرىمىزدىن غاپىلدۇر» [يۇنۇس سۈرىسى 190- 191- 192- ئايەتلەر].

جېنى ھەلقۇمغا يەتكەن ۋاقىتتا ئىمان ئېيتقانلارنىڭ ئىمانى پايدا بەرمەيدۇ يەنى«بىزنىڭ ئازابىمىزنى كۆرگەن چاغدا ئېيتقان ئىمانىنىڭ ئۇلارغا پايدىسى بولمىدى، بۇ (يەنى ئازابنى كۆرگەندە ئېيتقان ئىماننىڭ پايدىلىق بولماسلىقى) اللەنىڭ بەندىلىرى ئارىسىدا تۇتقان يولىدۇر، بۇ چاغدا كاپىرلار زىيان تارتقۇچى بولدى» [ غافىر سۈرىسى 85ت ئايەت].

ئەنگلىيە رادىيو ئىستانسىسى 1991 يىلى ئىراقنىڭ كۇۋەيتنى بېسىۋالغانلىق خەۋىرىنى ئاڭلاتقىنىدا، ئەنگلىيىنىڭ سابىق باش مىنىستىرى تاچېر خانىمنىڭ بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان ھامان چىركاۋغا ئالدىراپ كىرىپ ئاللاھقا سەجدە قىلغانلىقىنى ئاڭلاتقاندى. بۇنى كۆپ ئىزاھلاشقا ھاجەت يوق. بىر جۈملە سۆز بىلەن ئېيتقاندا، ئۇلاردىكى ئاللاھقا بولغان ئېھتىياج تۇيغۇسى يېشىغا زور كۈنلەر كەلگەندە خۇددى يۇنتاندەك پارتلاپ چىققان ۋە ئاللاھقا يالۋۇرۇشقا باشلىغان، بەس. ئۇلار كۇپرى ۋە زالالەتتە بولغان بولسىمۇ، ئۇلاردىكى يارىتىلىشتىن بېرى ئۇلارغا ھەمراھ بولۇپ كەلگەن ئاللاھقا مۇھتاجلىقتىن ئىبارەت تۇيغۇ ئاخىرى يورۇقلۇققا چىققان. چۈنكى ئىنسانلار ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش ئېڭى بىلەن يارىتىلغان ئەمەسمۇ؟! « ھەر قانداق بالا ئاللاھقا ئېتىقاد قىلىش ئېڭى بىلەن يارىتىلىدۇ. ئۇلارنى ئاتا - ئانىسى يەھۇدى ياكى خرىستىئان ياكى ئاتەشپەرەس قىلىپ تەربىيلەپ چىقىدۇ»[ بۇخارىي رىۋايىتى].

## كۇففارلارمۇ بىر خىل ئەمەس

ئامېرىكىنىڭ سابىق رەئىسى جورج بۇشنىڭ «ئالغا ئىلگىرىلەش»ناملىق كۈنلۈك خاتىرىسىدە مۇنداق دەپ قەيت قىلىنغان:« موسكۇۋادا سېۋىت ئىتتىپاقىنىڭ رەئىسى بىرجىنوۋنىڭ ماتەم مۇراسىمغا قاتناشتىم. ئۇنىڭ جىنازىسى ئالدىمدىكى جىنازا قاپقارا تۈننى ئەسلىتەتتى. چۈنكى ئۇ ئىمانسىز بىرىنىڭ جىنازىسى ئىدى.» بۇش ئاللاھقا ئىشىنىدىغان خرىستىئان، بىرجىنوۋ خۇداسىزلارنىڭ داھىسى ئىدى. «(ئى مۇھەممەد!) يەھۇدىيلار ۋە مۇشرىكلارنىڭ مۆمىنلەرگە ھەممىدىن قاتتىق دۈشمەن ئىكەنلىكىنى چوقۇم بايقايسەن، بىز ناسارا دېگەن كىشلەرنىڭ دوستلۇق جەھەتتە مۆمىنلەرگە ھەممىدىن يېقىن ئىكەنلىكىنىمۇ چوقۇم بايقايسەن »[مائىدە سۈرىسى 82- ئايەت].

جورج بۇش ئۆزىنىڭ ئازغان خرىستىئانلىقىدا تۇرۇپ، ئىمان بىلەن كۇپرىنىڭ پەرقىنى ھېس قىلالىغان. ئەگەر ئۇ ئىسلام دىنىغا ھىدايەت تاپقان بولسا ئىش قانداق بولار ئىدى؟! «كىمكى ئىسلام (دىنىدىن) غەيرىي دىننى تىلەيدىكەن، ھەرگىز ئۇ (يەنى ئۇنىڭ دىنى) قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئۇ ئاخىرەتتە زىيان تارتقۇچىدۇر» [ئال ئىمران سۈرىسى 85- ئايەت].

بۇ ئورۇندا شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيەنىڭ مۇنۇ سۆزى ئېسىمگە كېلىدۇ. بىر كۈنى ئىبنى تەيمىيەنىڭ يېنىغا، سۇپىلارنىڭ ئازغۇن پىرقىلىرىدىن بىرى بولغان بەھائىيە پىرقىسىدىن بىر ئادەم كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشىدۇ ۋە مۇنداق دەيدۇ « ئى ئىمام ئەجەبا بىز سىلەرنىڭ يېنىڭلارغا كەلگىنىمىزدە، پۈتۈن كارامەتلىرىمىز يوققا چىقىدۇ. ئەمما موڭغۇل كۇففارلىرىنىڭ يېنىغا بارغىنىمىزدا كارامەتلىرىمىز ئۇلارنى ھەيران قالدۇرىدۇ. زادى بۇ نىمە سەۋەبتىن شۇنداق بولىدۇ؟ » شەيخۇلئىسلام ئىبنى تەيمىيە ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ دەيدۇكى:« سىز بىز بىلەن سىلەر ۋە موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بىلمىدىڭلارمۇ؟ بىز ئاق رەڭلىكلەر، سىلەر قارا بىلەن ئاق ئوتتۇرىسىدىكى رەڭدىكىلەرسىلەر، ئەمما مۇڭغۇللار قارا رەڭلىكلەردۇر. چۈنكى بىزدە ھىدايەتنىڭ ئاپئاق نۇرى بار، شۇڭا بىز ئاق رەڭگە مەنسۇپ كىشلەرمىز. سىلەردە ھىدايەتتىن قېپ قالغان ئاقلىق بىلەن ئازغۇنلۇقتىن ئىبارەت قارىلىق مۇجەسسەملەنگەن. ئەمما موڭغۇللار ھىدايەتتىن ئەسلا مەھرۇم بولغانلىقلىرى ئۈچۈن ئۇلار قاپقارا رەڭگە مەنسۇبلاردۇر. سىلەر بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلگىنىڭلاردا رەڭگىڭلار قارا كۆرىنىدۇ. چۈنكى ئاق رەڭ ئالدىدا ئاق بىلەن قارا ئوتتۇرىسىدىكى رەڭ پۈتۈنلەي قارا كۆرىنىدۇ. ئەمما موڭغۇللارنىڭ يېنىغا بارغىنىڭلاردا سىلەردىكى ھىدايەتتىن قېپ قالغان نۇر ئاشكارا بولىدۇ - دە، ئۇلارنىڭ يېنىدا ئاق كۆرىنىسلەر. چۈنكى قارا رەڭ ئالدىدا ئاق بىلەن قارا ئوتتۇرىسىدىكى رەڭ پۈتۈنلەي ئاقتەك كۆرىنىدۇ. مانا بۇ، سىلەر بىلەن بىز ۋە موڭغۇللار ئوتتۇرىسىدىكى پەرق». «يۈزى ئاقارغانلار ئاللاھنىڭ رەھمىتىدە (يەنى جەننەتتە) بولىدۇ،ئۇلار ئۇنىڭدا (يەنى جەننەتتە) مەڭگۈ قالىدۇ» [ئال ئىمران سۈرىسى 107- ئايەت].■

# ھىممەت

# غايىگە يېتىشنىڭ يولى




ھىممەت سۆزى بىرەر ئىشنى قىلىش ئۈچۈن ئىنتىلىش دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. ھىممەت ھەرقانداق بىر ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشنىڭ ئالدىنقى شەرتىدۇر. ھىممەت ئۈستۈنلۈك ياكى تۆۋەنلىك بىلەن تەرىپلىنىدۇ. كىشىلەر ھىممەت جەھەتتە بىر خىل بولمايدۇ. بەزىلەرنىڭ ھىممىتى ئالى بولىدۇ، بەزىلەرنىڭ ھىممىتى تۆۋەن بولۇپ، تۆۋەنلىكتىن ئەڭ ئاددى دەرىجىلەرگىچە چۈشۈپ قالىدۇ.

ئىمام ئىبنى قەييىم ئالى ھىممەتنى تونۇشتۇرۇپ مۇنداق دەيدۇ: «ئالى ھىممەت ـ ئاللاھتىن باشقا ھېچنەرسىگە تېگىشلىمەيدىغان، ئۇنىڭ ئورنىغا بەدەل قوبۇل قىلىنمايدىغان، ئاللاھقا يېقىنلىق ۋە بۇ يېقىنلىقتىن ھۇزۇر ـ ھالاۋەت ئېلىشتىن ئىبارەت نېسىۋىسنى ئۆتكۈنچى دۇنيانىڭ ئەرزىمەس مەنپەئەتلىرىگە تەڭ قىلمايدىغان ئالىيجاناپلىقتۇر.

ئالىي ھىممەتنىڭ ئادەتتىكى ھىممەتلەرگە نىسبەتەن ئۈستۈنلىكى خۇددى ئەڭ يۇقىرى ئۇپۇقتا جەۋلان قىلغان قوشنىڭ باشقا قۇشلارغا بولغان ئۈستۈنلىكىگە ئوخشاش بولۇپ، تۆۋەندىكى قۇشلارغا يەتكەن بەختسىزلىكلەر سامادىكى قۇشقا يەتمەيدۇ. ئۇ يۇقىرى ئۇپۇقتا قانچىلىك ئۆرلىگەنسېرى بالايى ـ ئاپەتلەردىن شۇنچىلىك يىراق بولغىنىدەك، قانچىلىك تۆۋەنلىگەنسېرى بەختسىزلىكلەر ئۇنى شۇنچىلىك تېز تېپىۋالىدۇ»( (171 :3)٠

ئۆلىمالار قەدىمدىن ھىممەتنىڭ تۆۋەنلەپ كېتىشىنىڭ خەتىرىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ كەلمەكتە.

ئۆمەر ئىبنى خەتتاب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ: «ھىممىتىڭنى چۈشۈرمە. مەن ھىممەتسىز بىراۋ بىلەن ھەمسۆھبەت بولالمايمەن» دېگەن ئىكەن.

ھىممەت ئىككى تۈرلۈك بولۇپ: بىرى، توغۇلما ھىممەت، يەنە بىرى، كەسبىي ھىممەت يەنى تىرىشىش بىلەن قولغا كېلىدىغان ھىممەتتۇر.

توغۇلما ھىممەت ـ ئالىي بولسۇن، تۆۋەن بولسۇن ئاللاھ تەرىپىدىن بېرىلگەن ھىممەت بولۇپ، ئۇنى تىرىشچانلىق بىلەن ئۈستۈرۈش مۇمكىن بولغاندەك، بىپەرۋالىق بىلەن ئۆز ھالى بويىچە تاشلاپ قويۇشمۇ مۇمكىن. ئىگىسىنىڭ پەرۋىش قىلىشى بىلەن ئۆزگىرىدىكى ھىممەت دەرىجە قازىنىپ كەسبىي ھىممەتكە ئايلانغىنىدەك، ئۇنى پەرۋىش قىلماستىن تاشلىۋېتىش بىلەن ئۆزگىرىدىكى ھىممەت تۆۋەنلىشىدۇ. ھىممەت بۇ جەھەتتە ئەقىل ـ پاراسەت، گۈزەل ئەخلاق ۋە باشقىمۇ سۈپەتلەرگە ئوخشاشتۇر.

ھىممەتنىڭ دەرىجىلىرى:

كىشىلەر تۆۋەندىكى ئىككى ئىشتا بىر ـ بىرىدىن پەرقلىق بولىدۇ: بىرى، ئۇلارنىڭ مەقسەت، غايىلىرىدا، يەنە بىرى ئەشۇ مەقسەت ۋە غايىلىرىگە ئېلىپ بارىدىغان ھىممەتتە.

بەزى كىشىلەر ئۇلۇغۋار غايىلەرنى پەقەت تىلى بىلەنلا ئارزۇ قىلىدۇ. ئۇلاردا شۇ غايىلىرىگە يېتىش ئۈچۈن ھىممەت بولمايدۇ. مۇنداقلار مەغرۇرلاردۇر.

ئەمەلسىز ئارزۇ بىلەنلا غايىگە يېتەلمەس،
ۋەلېكىن دۇنيامۇ مېھنەتسىز كەلمەس.

غەلبىلەرنىڭ ئەڭ كاتتىسى نەپسىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى يېڭىش ئارقىلىق ئالىي ھىممەتلىك بولۇشتۇر.

بەزى كىشىلەر ئۆزىگە ئەڭ ئاددى تەلەپلەرنى قويىدۇ ۋە پەس ئارزۇ ـ ھەۋەسلەرنىلا ئويلايدۇ. مۇنداقلارمۇ ئىككى تۈرلۈك بولۇپ، بىرى ئەشۇ پەس ـ ئارزۇلىرىغا يېتىش ئۈچۈن يۇقىرى ھىممەتلىك بولغانلار. ئۇلار بىھۇدە ئىشلارغا بەكمۇ كۆڭۈل بۆلىدۇ. ئەگەر ئۇلار توغرا يولغا ۋە توغرا ئىشلارنى قىلىشقا ھىدايەت تاپقىنىدا، ئۇلاردىكى ئالىي ھىممەت قىممەتلىك ئىشلارغا قارىتىلغان ئالىي ھىممەتكە ئايلىنىدۇ. «ئىنسانلار مەدەنلەرگە ئوخشاشتۇر. ئۇلارنىڭ جاھىلىيەتتە ياخشى بولغانلىرى ئەگەر دىنىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى ياخشى بىلسە ئىسلامدىمۇ ياخشىلاردىن بولىدۇ». (بۇخارىي رىۋايىتى).

پەس ئارزۇدىكىلەرنىڭ ئىككىنچى تۈردىكىلىرى، ھېچقانداق بىر ھىممەتتىن نېسىۋىسى بولمىغان كىشىلەر بولۇپ، ئۇلار ئاز ساندىكىلەردۇر. ئۇلارنىڭ ئۆلۈمى بىلەن ھاياتىنىڭ پەرقى يوقتۇر. ئۇلار يوقاپ كەتسە ئىزدەنمەيدىغان، بولسا سورالمايدىغان ئەھمىيەتسىز ئىنسانلاردۇر.

كىشىلەردىن ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇلۇغۋار غايىسى ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى ياقتۇرىدىغان ئىبىل ئىشلارغا باغلانغان كىشىلەر باركى، ئۇلار غايىسى ۋە مەقسەتلىرىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش يولىدا ھەقىقەتەن ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەردۇر. ئۇلارغا مۇبارەك بولسۇن.

ئىمام ئىبنى قەييۇم مۇداق دېگەن:« ھەركىمنىڭ لەززىتى ئۇنىڭ قەدىر - قىممىتى، ھىممىتى ۋە ئۆزىنىڭ شەرىپىگە قاراپ بولىدۇ. ئۇلارنىڭ ئەڭ شەرەپلىك، ئەڭ ھىممەتلىك ۋە ئەڭ قەدىر - قىممەتلىك بولغىنى ھۇزۇر - ھالاۋىتىنى ئاللاھنىڭ مەرىپىتى ۋە مۇھەببىتىدىن ئالىدىغان، ئۇنىڭ جامالىغا تەلپۈنىدىغان ۋە ئۇ رازى بولىدىغان ھەم ياقتۇرىدىغان ئىشلارغا ئالدىرايدىغانلىرىدۇر»( فوائد 196-197).

كىشىلەردىكى ھىممەت دەرىجىسىنىڭ بىر - بىرىدىن پەرقلىق بولىشىغا ئەگىشىپ ئۇلارنىڭ ئىشلىرى، نىيەتلىرى ۋە دەرىجىلىرىمۇ پەرقلىق بولىدۇ.

ھىممەت دەرىجىلىرىنىڭ پەرقىنى كۆرۈشنى خالىسىڭىز رەبىئە ئىبنى كەئب ئەل ئەسلەمىي رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ ھىممىتىنى ئاڭلاپ بېقىڭ. بىر كۈنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنىڭغا «ئى رەبىئە مېنىڭدىن بىر نەرسە سورىغىن»دېگەندە، ئۇ «جەننەتتە سىلىگە ھەمراھ بولۇشنى تىلەيمەن»دەيدۇ. بۇنىڭدىن ئارتۇق بەخت بارمۇ؟!

ئابدۇلقادىر جيلانىي ئوغلىغا مۇنداق دەپ ۋەسىيەت قىلغانىكەن:« ئى ئوغلۇم! سېنىڭ ھىممىتىڭ يەپ ئىچىدىغان، كىيىدىغان، ئۆيلىنىدىغان ۋە تۇرماي توپلايدىغان نەرسىلەر بىلەن بولمىسۇن. بۇلارنىڭ ھەممىسى نەپسىڭنىڭ ھىممىتى. قەلبىڭنىڭ ھىممىتى قېنى؟ بىلگىنىكى، ھىممىتىڭ سېنىڭ قەدرىڭنى كۆتەرگەن نەرسىدۇر. ھىممىتىڭ ئاللاھ ۋە ئۇنىڭ دەرگاھىدىكى مۇكاپاتقا مەركەزلەشسۇن».

## ھىممەتنىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى رولى

ئىنسان ھاياتىدا ھىممەتنىڭ رولى چوڭ بولۇپ، كىشىلەر كۆز يەتمىگەن مەنزىللەرگە ئۆزلىرىدىكى ئالىي ھىممەتنىڭ شاراپىتى بىلەن يەتكەنلىكىگە تارىخ گۇۋاھتۇر.

پەيغەمبىرىمىز ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ شانلىق تارىخىغا قارايدىغان بولساق. ئالىي ھىممەت نەتىجىلىرىنىڭ نەمۇنىلىرىنى كۆرەلەيمىز.

تارىخشۇناسلارنىڭ نەزەرىدە، بىر ئۇممەتنى بەرپا قىلىش شۇ غايىنى ئۆزلىرىگە نىشان قىلغان زەنجىرسىمان بىرقانچە ئەۋلادقا ئېھتىياجلىقتۇر. ئەمما ھەزرىتى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام ئۇممىتىنى بەرپا قىلىشتىن ئىبارەت بۇغايىنى يىگىرمە ئەسىردىن ئاز ۋاقىت ئىچىدىلا ئەمەلگە ئاشۇرالىدى.

بىرىنچى خەلىپە ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەرەب يېرىم ئارىلىدا باش كۆتۈرگەن مۇرتەدلىككە ئىككى يىلدىن ئاز ۋاقىت ئىچىدە خاتىمە بېرەلىدى ۋە شۇ قىسقا مۇددەت ئىچىدە شۇ ۋاقىتتىكى ئەڭ چوڭ ئىككى ئىمپىراتورلۇقنى مۇھاسىرىگە ئالالىدى. كاتتا ساھابىلار ئەبۇبەكرى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ مۇرتەدلەرگە قارشى كۆرەش قىلىش پىكرىنى دەسلەپ قوللىماسلىقتا، ئۇنىڭ زور دەرىجىدىكى مۇرتەد قوشۇنلىرىغا كۆچى يەتمەسلىكىدىن ئەنسىرىگەنلىكتىن ئىدى. لېكىن ئۇنىڭ ئالىي ھىممىتى دۈشمەننىڭ ھەيۋىسى ۋە مۇسۇلمانلارنىڭ ئەندىشىسىنى يەرگە ئۇردى. نەتىجىدە، ئۇ كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە خىيال دەپ شەكىللەنگەن بۇ ئىشنى ئەمەلگە ئاشۇردى. ئالى ھىممەت ئۈچۈن تارىختىن نەمۇنىلەر ناھايىتى كۆپ.

ئەمدى بىز ھازىرقى ئەسرىمىزدىكى چوڭ غەلىبىلەرنى مىسال كەلتۈرىدىغان بولساق، ئالىي ھىممەتنىڭ نادىر ئۆلگىلىرىنى كۆرىمىز.

شەيخ مۇھەممەد ئىبنى ئابدۇلۋەھھاب ئۆزىنىڭ ئالىي ھىممىتى ئارقىسىدا، قىسقا مۇددەت ئىچىدە ئەرەب يېرىم ئارىلىنى شېرىك تۇمانلىرىدىن تازىلاپ، ھەقىقىي تەۋھىد نۇرىغا چىقاردى. ئىمام ھەسەن بەننانىڭ ھاياتى ئالىي ھىممەت ۋە پىداكارلىقنىڭ ئەڭ ياخشى ئۆلگىسىدۇر. ئۇ ھەمىشە مۇسۇلمانلار ئاممىسىغا « تۈنۈگۈننىڭ ئارمانلىرى بۈگۈن، بۈگۈننىڭ ئارمانلىرى ئەتە»دەپ تەلىم بېرەتتى.

ئەمدى كۇففارلاردىن ئالىي ھىممەتلىكلەرنىڭ غەلىبىلىرىگە مىسال كەلتۈرمەكچى بولساق، دوكتۇر تەۋفىق ئەل ۋائىينىڭ مۇنۇ قىسسىسىنى كەلتۈرىمىز: « ياپونىيە تەرەققى قىلىشنىڭ ئاۋۋالقى ھارپىسىدا گېرمانىيىگە ئوقۇغۇچىلىرىنى ئەۋەتكەندە، ئەرەب دۆلەتلىرىمۇ ئارقا- ئارقىدىن ئوقۇغۇچى ئەۋەتكەنىدى. ياپونىيەدىن بارغان ئوقۇغۇچىلار مىللىتىنى تەرەققى قىلدۇرۇش يولىدا دۆلىتىگە قايتتى. ئەمما ئەرەب دۆلەتلىرىدىن بارغان ئوقۇغۇچىلار سەرمايىسىز قۇرۇق قول قايتتى. بۇ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق بولدى؟ بۇ سوئالنىڭ جاۋابىنى تېپىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى مۇنۇ قىسسىنى ئوقۇپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ:

ياپونىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن گېرمانىيەگە تېخنىكا ئۆگىنىشكە ئەۋەتىلگەن ئوقۇغۇچى ئوساھىر مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر مەن گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ ئۇنىۋېرسىتېتىدىكى مۇئەللىمىمنىڭ نەسىھەتلىرىگىلا كۇپايە قىلىپ ئىزدەنمىگەن بولسام ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشەلمىگەن بولاتتىم. دۆلىتىم مېنى گېرمانىيەدە ئىلمىي تېخنىكا قائىدىسىنى ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەنىدى. كىچىك تىپتىكى موتورنى ياساشنى ئۆگىنىشكە بەكمۇ قىزىقاتتىم. لېكىن قانداقلا بىر موتور بولمىسۇن، ئۇنىڭ ئۆزىگە خاس مودىلى بولىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. بۇ ھەر قانداق سانائەتنىڭ ئاساسى ئىدى. مۇئەللىم مېنى ئەمەلىي تەجرىبىلەرگە ئۈندىمەستىن، ھەمىشە كىتابتىكى نەزەرىيەلەرنىلا

www.uyghurkitap.com



ئۇقۇشۇمنى تەۋسىيە قىلاتتى. مەن موتور ئىشلەپچىقىرىشنىڭ نەزەرىيەلىرىنى پىششىق ئۇقۇغان ۋە چۈشەنگەن بولساممۇ، موتورنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە بۇ يوچۇن دۇنيا ئالدىدا گاڭگىراپلا قالاتتىم.

كۈنلەرنىڭ بىرىدە، ئىتالىيەدە ياسالغان موتورلارنىڭ يارمەنكىسى بولىدىغانلىقىدىن خەۋەر تاپتىم. ئاي بېشى بولغانلىقتىن مائاشىم قولۇمغا تەككەن ئىدى. يارمەنكىدىن ئىككى ئاتنىڭ كۈچى بار كىچىك تىپتىكى موتوردىن بىرىنى بار پۇلۇمنىڭ ھەممىگە سېتىۋالدىم. ئۇ بەكمۇ ئېغىر ئىدى. ئۇنى تەسلىكتە كۆتۈرۈپ ياتىقىمغا ئېلىپ كەلدىم. موتورنىڭ ھەر تەرىپىگە زوق بىلەن قاراپ چىقىپ، مانابۇ ياۋروپالىقلار كۈچىنىڭ سىرى، ئەگەر مەن مۇشۇنىڭدەك بىرەر موتور ياساپ چىقالىسام ياپونىيە تارىخىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولاتتى، دېدىم ئىچىمدە. كىتابلىرىم ئارىسىدىن موتورنىڭ سۈرەتلىك تەلىماتىنى تېپىپ چىقتىمدە، تەرتىپ بويىچە موتورنى چۇۋۇشقا باشلىدىم. ھەر بىر پارچىسىنى چۇۋغىنىمدا ئاق قەغەزگە ئۇنىڭ رەسمىنى سىزىش بىلەن بىرگە نومۇر قويۇپ ماڭدىم. ھەممىنى پارچىلاپ بولۇپ يەنە قايتا قۇراشتۇردۇم. ھەر كۈنى 15 سائەتتىن كۆپرەك ئىشلەش بىلەن بۇ ئىشنى ئۈچ كۈن ئۇدا داۋاملاشتۇردۇم. تۆتىنچى كۈنى بۇ خەۋەرنى بىزنىڭ گۇرۇپپا باشلىقىمىزغا يەتكۈزگىنىمدە ئۇ تولىمۇ مەمنۇن بولدى ۋە بۇزۇق موتوردىن بىرىنى ماڭا بېرىپ ئۇنى ياساپ چىقىشىمنى بۇيرىدى. ئون كۈن قاتتىق ئىشلەش جەريانىدا بۇ موتورنىڭ بۇزۇلغان يېرىنى تاپالىدىم. موتورنىڭ ئىچىدىكى ئۈچ كىچىك پارچە ئۇپراپ كەتكەنلىكتىن ئىشتىن چىققان ئىكەن. بۇ ئۈچ پارچىنىڭ ئورنىغا بولقا بىلەن ئۇرۇپ قولۇم بىلەن يېڭى پارچىلارنى ياساپ چىقتىم.

گۇرۇپپا باشلىقىمىز شۇنىڭدىن كېيىن مېنى موتور پارچىلىرىنى ئۆزۈم ياساپ چىقىپ قۇراشتۇرۇشۇمنى تەۋسىيە قىلغانلىقى ئۈچۈن تۆمۈر، مىس ۋە ئالیۇمىن ئېرىتىدىغان زاۋۇتقا ئىشچى بولۇپ كىردىم. گېرمان مۇئەللىمىم ماڭا تاپشۇرغان دوكتورلۇق ئىلمىي ماقالىسىمۇ قېپ قالدى. ھەر كۈنى 15 سائەت ئىشلەيمەن. ئۇستىلارنىڭ خىزمىتىنى قىلىمەن، گاھىدا تىل - ئاھانەتلىرىنىمۇ ئاڭلايمەن. لېكىن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ۋەتىنىم ياپونىيە ئۈچۈنلا قىلدىم.

ياپونىيە ھۆكۈمەت باشلىقى مېكادو ھالىمنى ئاڭلىغان ۋە ئۆز يېنىدىن 5مىڭ جونەي ئىستېرلىنىنى ئەۋەتكەنىكەن. ئۇنىڭغا موتور سايمانلىرىدىن سېتىۋالدىم. مەن گېرمانىيەدىن قايتىپ ياپونىيىگە بارغىنىمدا، ھېلىقى باشلىق مېنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى ئېيتقان ئىكەن. ئۇنىڭغا جاۋابەن« مەن باشلىق بىلەن كۆرۈشۈشكە تېخى سالاھىيەتلىك ئەمەسمەن، پەقەت ياپونىيەدە موتور ئىشلەپچىقىرىش زاۋۇتىنى قۇرۇپ بولغاندىن كېيىنلا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈشكە سالاھىيەتلىك بولالايمەن »دېدىم. 9 يىلدا تۆمور زاۋۇتىنى قۇرۇپ بولدۇق. مېكادونىڭ ئالدىغا «ياپونىيەدە ئىشلەندى»دېگەن ماركا يېزىلغان 10دانە موتۇرنى ئېلىپ كەلدىم. مېكادو موتورنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ«بۇ ھاياتىمدا تۇنجى قېتىم ئاڭلاۋاتقان ۋە تولىمۇ ياقتۇرۇپ قالغان بىر مۇزىكا بولدى، چۈنكى ئۇ ياپونىيەدە ئىشلەنگەن موتورنىڭ ئاۋازى ئەمەسمۇ»دېدى. شۇنداق قىلىپ بىز ياپونلۇقلار غەرب كۈچىنىڭ سىرىنى بىلىۋالدۇق ۋە بۇ سىرنى ياپونىيىگە ئېلىپ كەلدۇق. بۇ ئەمەلىيەتتە، ياۋروپانىڭ كۈچىنى ياپونىيىگە يۆتكىگەنلىك ۋە ياپونىيىنى غەربكە يۆتكىگەنلىك ئىدى.»

## ھىممەتنى كۆتىرىشنىڭ چارىلىرى

كىشىلەرنىڭ ئالىي ھىممەتلىك بولۇشى شەرئەت ۋە ئەقىل ھەر ئىككىسى تەرەپتىن تەلەپ قىلىنغان بىر ئىش. تۆۋەندىكىلەر ھىممەتنى كۆتىرىش ۋە ئۇنى تەرەققى قىلدۇرۇشقا ياردەمچى بولۇشى مۇمكىن:

1- كۈرەش ۋە تىرىشچانلىق.

ھاياتلىق ئىمان ۋە كۈرەشتىن ئىبارەت بولۇپ، كۈرەش قىلماستىن نەتىجە قازانغىلى بولمايدۇ. «بىز ئۈچۈن كۈرەش قىلغانلارنى ئەلۋەتتە يولىمىزغا يېتەكلەيمىز»( ئەنكەبۇت 69- ئايەت).

2- چىن ئىخلاس بىلەن ئاللاھقا يۈلىنىش ۋە يۈزلىنىش. ئالىي ھىممەتمۇ بىر كاتتا نېمەت بولۇپ، ئۇ سورالماستىن بېرىلمەيدۇ.

3- ئۆزىنىڭ ئاجىزلىق نوقتىسىنى ئېتىراپ قىلىش ۋە ئۇنى ئىسلاھ قىلىش ھەم تەرەققى قىلدۇرۇش ئۈچۈن تىرىشچانلىق كۆرسىتىش.

4- كاتتىلارنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى ئوقۇپ ئىبرەت ئېلىش.

5- ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەر بىلەن ھەمسۆھبەت بولۇش.

6- كۈنلۈك ئىش تەرتىپىگە ئەمەل قىلىش ۋە مۇھىم ئىشلارنى ئالدىنقى قاتارغا قويۇش.

7- ھىممەتنى كۆتىرىش ۋە تەرەققى قىلدۇرۇشتا ھىممەتلىك كىشىلەر بىلەن رىقابەتلىشىش.

8- تاكامۇللۇققا قاراپ ھارماستىن ئىلگىرىلەش.

9- ھىممەتنى زەئىپلەشتۈرىدىغان بارلىق ئامىللاردىن يىراق بولۇش.

## ئالىي ھىممەتلىك كىشىلەرنىڭ سۈپەتلىرى

1- ئۆتكەنگە ھەسرەت چەكمەيدۇ، ئەتىنى ئويلايدۇ ۋە بۈگۈننى قولدىن بەرمەيدۇ.

2- ئىنسانىيەتنىڭ، خۇسۇسەن مۇسۇلمانلارنىڭ غېمىنى يەيدۇ.

3- كىشىلەرگە ياخشى مەسلىھەت بېرىدۇ ۋە ئۇمۇمنىڭ ئىشلىرىغا ئاكتىپ قاتنىشىدۇ.

4- قىلغان ھەر بىر ئىشىدا ئالىي ھىممەتلىك بولىدۇ.

5- ۋاقىتنىڭ تارلىقىدىن كۆپ دەرتلىنىدۇ، ۋاقىتنى نەق ئالتۇن دەپ بىلىدۇ.

6- ئۆزى ئىرادىلىك، پىكرىدە مۇستەھكەم بولىدۇ ۋە ئىككىلىنىشى ئاز بولىدۇ.■

# تەنقىدتىن نېمىشقا بۇنچە قورقىمىز؟

ئا. قارلۇقىي




دىنىمىزدىكى ئەڭ ماھىيەتلىك تەرەپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەنقىد (تەنقىد ئىجابىي ۋە سەلبىي تەرەپلەردىن تەركىب تاپقان ئامىل، ئۇ ئۆزىنى تەكشۈرۈش، باشقىلارنىڭ خاتالىقىنى كۆرسىتىپ بېرىش دېگەن مەنىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ)تىن ئىبارەت بۇ ئاتالغۇ بىلەن بىزنىڭ ئېقىمىز دېگەندەك كىلىشمەي كەلدى. ئېغىزىمىزدا «ھەق دېگەن ھامان ھەق، ئەمىلىيەتنى ئېتىراپ قىلمىسا قانداق ئىنسان بولىدۇ؟!» ، «بىز تەنقىدنى ئاڭلىساق باش ئۈستىگە دەپ قوبۇل قىلىدىغان كىشىلەردىن»، «بىزدە بولسا دېيىلىرى بويۇنغا ئالىمىز»...دەيدىغانلارمۇ، «بىز ھەقنى ھەق دەيدىغانلاردىن، ھەرقانداق گەپ بولسا، نەق يېرىدە، جايىغا كەلتۈرۈپ دېيەلەيمىز»... دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر ساماندەك بولسىمۇ، رېئاللىق يەنىلا شۇ خىلدىكى سۆزلىرىمىزگە ئويغۇن بولمىدى. قۇرئان كەرىم ياخشىلىققا بويرۇپ يامانلىق توسۇشنى بۇ ئۇممەتنىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكلىرىدىن بىرى دەپ ئوتتۇرىغا قويغان ئىدى:« سىلەرنىڭ ئاراڭلاردا خەيرلىك ئىشلارغا دەۋەت قىلىدىغان، ياخشى ئىشلارغا بۇيرۇپ، يامان ئىشلارنى مەنئى قىلىدىغان بىر جامائە بولسۇن؛ ئەنە شۇلار مەقسەتكە ئېرىشكۈچىلەردۇر »[1] ئەمما بىز شۇ خىل سۈپەتلىك كىشىلەردىن بولۇشقا يېقىنلىشىش ئەمەس، بارغانچە يىراقلاپ كېتىۋاتىمىز.

مەسىلىنى تېخىمۇ ئېنىقلاش ئۈچۈن گەپنى باشتىنراق باشلىساق، تېخىمۇ ياخشىراق نەتىجىگە ئېرىشەلىشىمىز مۇمكىن. مەسىلە تەنقىد قىلغۇچىدىمۇ ياكى تەنقىدلەنگۈچىدىمۇ؟ يەنىلا، سۆزىمىزنى تەنقىدلىگۈچىلەردىن باشلايلى!

دىنى كىشىلىرىمىز ئىچىدىن( بىزنىڭ بۇ يەردە دىنىي دەۋەتچى سۈپىتىدە باشقىلارنى تەنقىد قىلىدىغانلار ھەققىدە سۆزىمىزنى داۋاملاشتۇرىمىز) تەبلىغ قىلىش جەريانىدا باشقىلارنىڭ يۈرىكىگە ئاستىرتتىن نەشتەر ئۇرىدىغان، تۇيدۇرماي سانچىۋالىدىغان بىر قىسىم زاتلار بار. بۇنداق خۇسۇسىيەت قاچاندىن باشلانغان بۇنى بىلىپ بولمايدۇ. ئەمما، بۇ ئىش شەرىئەتنىڭ تۈپ مەقسىتى، ئەدەب- ئەخلاقلىرىغا خىلاپلىق قىلىشتىن باشقا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىر- پەرمانلىرىنى بىجىرىشتە سەممىي بولماسلىقتەك تەرەپلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. شۇڭا، بۇنداق شەكىلدىكى دەۋەتنىڭ ئىجابىي تەرەپىگە قارىغاندا سەلبىي تەرەپلىرى كۆپرەك بولىدۇ. چۈنكى، بۇنداق ئۇسۇلدىكى دەۋەتتە، ئىسلاھ قىلىشقا قارىغاندا ۋەيران قىلىش، بوزۇش تەرىپى ئېغىر سالماقنى ئىگەللەيدۇ. ئۇنداقتا، بۇنى قانداق ھەل قىلىمىز؟

شۇ نەرسىنى ياخشى چۈشىنىش كېرەككى، تەنقىد بىزنىڭ – يەنى مۇسۇلمانلارنىڭ- قامۇسىغا سەلبىي مەنىلەر بىلەن، سىرتتىن كىرگەن يات بىر ئىستىلاھ ياكى ئاتالغۇ بولۇپ، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا باشقا ئەللەر ئوتتۇرىسىدا ئېقىپ يۈرگەن مەنىلىرى بىلەن ھەرگىز راۋاج تاپمايدۇ. تەنقىد ئوقۇمىي غەرب ئەللىرىدە پەقەت زىيالىلار سېپىگىلا خاس بولسا، مۇسۇلمانلار ئوتتۇرىسىدا ھەممەيلەنگە ئورتاق، ھەممە ئېلىپ بارمىسا بولمايدىغان دىنىي مەجبۇرىيەت. يەنە ناھايىتى مۇھىم پەرقلەرنىڭ بىرى، غەربلىكلەر تەنقىدنى شۇ جەمئىيەتتە ئېقىۋاتقان سىياسىي، ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىي ئامىللار تەرىپىدىن قويۇلغان ماتېرىيالىستىك ئىدىيەنى چۆرىدىگەن ھالدا ئېلىپ بارسا، مۇسۇلمانلار ئارىسىدا، ئاللاھ تائالانىڭ ئەمىر- پەرمانلىرىنى بىجا كەلتۈرۈش، ياخشىلىققا بويرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشتىن ئىبارەت بىر ئىلاھىي پەرماننى ئۆلچەم قىلىپ ئېلىپ بارىدۇ.

بۇ نوقتىنى ياقلىغاندا، دىنىمىزدا ئېلىپ بېرىلىش بۇيرۇلغان يامانلىقتىن توسۇپ، ياخشىلىققا بۇيرۇش پائالىيىتى باشقىلارنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىغا ئارىلىشىۋېلىش ياكى ئۇنىڭغا دەخلى تەرۇز قىلىش ئەمەس، بەلكى، ئاللاھنىڭ ھۆكمىنى ئىجرا قىلىشتىن ئىبارەتتۇر.شۇڭا، بىز تەنقىدنىڭ شەرىئەت بەلگۈلىگەن،قۇرئان كەرىم كۆرسەتكەن مەنىلىرى ۋە ئۆلچەملىرىگە ھەقىقىي رەۋىشتە قايتماي تۇرۇپ، بۇ ساھەدە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۈتكەن نەتىجىگە ئېرىشەلمەيمىز. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: {ۋە لېكىن (ئۇ): « كىتابنى ئۆگىتىدىغانلىقىڭلار، ئوقۇغانلىقىڭلار ئۈچۈن رەببانى بولۇڭلار » (دەيدۇ)}[2]

ئەھۋال شۇنداقكەن، بىز نېمىشقا تەنقىدتىن قاچىمىز؟ ئۇنىڭدىن ئۆلگۈچە قورقىمىز؟ بۇ يەردە نۇرغۇن سەۋەپلەر بولۇشى مۇمكىن:

-ئىنساندىكى ئۆزلۈك ئامىللىرىنىڭ نەتىجىسى؛ چۈنكى، ئىنسان ھامان ماختاش، مەدھىيەلەرگە ئىچكى دۇنياسىدىن يېقىن تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر ئادەم ئۆزىنى ماختاۋاتقان كىشىدە مۇئەييەن مەنپەئەت قارىشى بارلىقى ياكى مۇئەييەن غەرەزلەر ئاساسىدا ماختاۋاتىدۇ دېگەن تۇيغۇغا كەلمىسە، تەبىئىكى ئۇ، بىر خىل ئىچكى دۇنياسىدىكى راھەتنى ھىس قىلىدۇ. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىچكى ئامىللار تۈپەيلى، تەنقىدنى، خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ بېرىشتىن قاچىدۇ. دېمەك، بۇ ئىككى خىل ئامىل ئىنساندىكى تەنقىدتىن قېچىش خاراكېرىنى بىرلىكتە شەكىللەندۈرىدۇ.

-بىر قىسىم تەنقىدنىڭ ھەقىقىي ماھىيىتىنى ئېنىق چۈشەنمىگەن كىشىلەرنىڭ جامائەت سورۇنلىرىدا تەنقىد قىلىنغۇچىلارنىڭ خاتالىقىنى يۈزىدىن يۈزىگە ئاشكارە دېيىشى، مەلۇم قاراتمىلىق ئاساسىدا دارتمىلىشمۇ ئۇلارنىڭ تەنقىدتىن قېچىش، ئۇنى ئېتىراپ قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، 
بەلكى، ئۆزىنىڭ شۇ خاتالىقىنى ئاقلايدىغان پاكىت، سەۋەپلەرنى كۆرسىتىشكە ئېلىپ بارىدۇ.

ئەمما، ئاللاھ تائالا يوقارقىدەك سەۋەپلەر بىلەن، «ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى تاشلىۋەتكەن ئىسرائىل ئەۋلادىنى ئەيىپلەپ، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:« بەنى ئىسرائىلدىن كاپىر بولغانلار داۋۇدنىڭ ۋە مەريەم ئوغلى ئىسانىڭ تىلى بىلەن (يەنى زەبۇر دا ۋە ئىنجىلدا) لەنەت قىلىندى. بۇ (يەنى ئۇلارنىڭ لەنەتكە ئۇچرىشى) ئۇلارنىڭ ئاسىيلىق قىلغانلىقلىرى ۋە ھەددىدىن ئېشىپ كەتكەنلىكلىرىدىن بولدى*ئۇلار ئۆزلىرى قىلغان يامان ئىشلاردىن بىر-بىرىنى توسمايتتى؛ ئۇلارنىڭ قىلمىشلىرى نېمىدېگەن يامان!»[3]

ئاللاھ تائالا يەنە پىتنە- پاساتنى كۆرۈپ تۇرۇپ توسمىغان كىشىلەرنى قاتتىق ئەيىپلەپ، قۇرئان كەرىمدە مۇنداق دەيدۇ:« سىلەردىن بۇرۇن ئۆتكەن ئۈممەتلەرنىڭ ئارىسىدا نېمىشقا (يامانلارنى) يەر يۈزىدە بۇزۇقچىلىق قىلىشتىن توسىدىغان ئەقىل ئىگىلىرى بولمىدى؟ ئۇلار ئارىسىدىن بۇزۇقچىلىقنى توسۇپ، بىزنىڭ نىجاتلىقىمىزغا ئېرىشكەن ئازغىنا كىشىلەر بۇنىڭدىن مۇستەسنا. ئۆزلىرىگە زۇلۇم قىلغۇچىلار ئەيش - ئىشرەتلىك تۇرمۇشنى قوغلىشىدۇ. ئۇلار گۇناھكار ئادەملەردۇر»[4]

شەكسىزكى، ياشىغان مۇھىت ئىنساننىڭ ئۆزىنى مۇكەممەل قىلىپ تەربىيىلەپ چىقىشىدا ئەڭ كۆپ تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئىنسان ھامان ئۆزىنىڭ شارائىتىغا مۇناسىپ، مۆتىدىل ھالدا ياخشىلىققا بۇيرۇپ، يامانلىقتىن توسۇشنى ئېلىپ بېرىشى، ھىسسىياتقا قۇل، مۇسىبەتكە قۇربان بولۇپ كەتمەسلىكى لازىم.

ھازىرقى دەۋر غەرب دېموكراتىك ئەللىرى ئۈچۈق جەمئىيەت قورۇپ چىقىش دەۋاسى بىلەن، پىكىر ئەركىنلىكى، تەنقىد ئەركىنلىكى دېگەندەك نۇرغۇن شۇئارلارنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئىنسانلارنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىگە ئېغىر دەرىجىدە دەخلى- تەرۇز يەتكۈزىۋاتىدۇ. ئۈچۈق جەمئىيەتنىڭ نادىر مىساللىرىدىن بىرى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ دەۋرىدە ، يەنى بۇنىڭدىن 1393-يىل ئىلگىرى ئاللىقاچان مەيدانغا كېلىپ بولغان. بىز بۇ يەردە شۇ خىل جەمئىيەتتە يۈز بەرگەن، قۇرئان كەرىمدە بايان قىلىنغان ئىشلاردىن ئۈچىنى مىسالغا ئېلىش بىلەن كۇپايىلىنىمىز:

بىرىنچىسى نىسا سۈرىسىدە كەلتۈرۈلگەن؛قىسسە: ئابدۇللاھ ئىبن ئەلئۇبەيرىق ئىسىملىك بىر ئەنسارىنى مۇھاجىرلاردىن بىرىنىڭ دوبۇلغىسىنى ئوغۇرلىغانلىق تۆھمىتى بىلەن ئەيىپلىدى. ئۇ كىشى بىر يەھۇدىنى ئوغرۇلۇق بىلەن ئەيىپلىدى ۋە قەبىلىسىنىڭ كىشىلىرىدىن بىر نەچچىسى بېرىپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا ئۇنىڭ بىر ياخشى مۆمىن ئىكەنلىكىنى ئېيتىشىپ، ئۇنى ئاقلىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ گۇۋاھلىقىنى قوبۇل قىلىپ، يەھۇدىغا ئوغرى دېگەن ھۆكۈمنى چىقاردى. ئىش بۇنىڭ بىلەن تۈگىمىدى. ئاللاھ تائالا ھېلىقى يەھۇدىنىڭ گۇناھسىز ئىكەنلىكى توغرىسىدا ئايەت نازىل قىلدى ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنى شۇ ئايەتتە ئەيىپلىگەندىن باشقا، ئوغرىنىڭ قىلغان ئىشلىرى ۋە قەۋمىنىڭ بەرگەن يالغان داۋالىرىغا قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش بەردى. ھەم ئۇلارنى گۇناھكار خائىنلار دەپ ئەيىپلىدى. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: «(گۇناھ قىلىش) بىلەن ئۆزلىرىگە خىيانەت قىلغۇچىلارنىڭ تەرىپىنى ئالمىغىن. خىيانەتكە ئادەتلەنگەن، گۇناھقا چۆمگەن كىشىنى الله ھەقىقەتەن دوست تۇتمايدۇ»[5]

ئىككىنچى: ئەنفال سۈرىسىدە كەلتۈرۈلگەن؛ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بەدر غازىتىدا ئەسىرلەردىن فىدىيە قوبۇل قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويغانلارنىڭ پىكرىنى قوبۇل قىلغان چاغدا، ئاللاھ تائالا ھەممەيلەنگە قاتتىق تاپا قىلىپ، مۇنۇ ئايەتنى نازىل قىلغان:« پەيغەمبەرگە زېمىندا دۈشمەننى كۆپرەك ئۆلتۈرمەي تۇرۇپ (يەنى مۇشرىكلىكنىڭ ھەيۋىسىنى يوقىتىپ، ئىسلامغا قۇۋۋەت بەرمەي تۇرۇپ)، ئەسىرلەردىن فىدىيە ئېلىش لايىق ئەمەس ئىدى. (ئى مۆمىنلەر! سىلەر فىدىيە ئېلىش بىلەن) دۇنيا مەنپەئەتنى كۆزلەيسىلەر، الله

سىلەرگە ئاخىرەتنى (يەنى ئاخىرەتنىڭ ساۋابىنى) تىلەيدۇ. الله غالىبتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر*الله نىڭ (ئوچۇق چەكلەنمىگەن ئىشنى قىلغانلارنى جازالىماسلىق دېگەن) ھۆكمى ئەزەلىسى بولمىسا ئىدى، (ئەسىرلەردىن) فىدىيە ئالغانلىقىڭلار ئۈچۈن ئەلۋەتتە زور ئازابقا دۇچار بولاتتىڭلار»[6]

ئۈچىنچى: نۇر سۈرىسىدە كەلتۈرۈلگەن؛ مۆمىنلەرنىڭ ئانىسى ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھاغا قىلىنغان تۆھمەت توپىلى، ئاللاھ تائالا ئايەت نازىل قىلىپ، باشقىلارنى ياخشى گۇمان قىلىشنى، ھەرقاندا'ق بىر مەسىلىنى ئوتتۇرىغا چىقىرىشتىن بۇرۇن چوقۇم ئۇنىڭ ساغلام ياكى ئەمەسلىكىنى تەكشۈرۈشنى، بولمىغاندا ئېغىزنى چىڭ تۇتۇشنى بۇيرىدى. شۇنداقلا، بۇ ۋەقەدىن كىشىلەرنىڭ باشقىلار ھەققىدە گەپ- سۆز قىلغاندا، راست – يالغانلىقىنى ئايرىشنى، ئۇنىڭدىن ئىبرەت ئېلىشنى ئۆگىتىدۇ.[7]

ئاخىرىدا تەكىتلەيدىغىنىمىز: بارلىق دىنىنىڭ غېمىنى يەيدىغان، دىنغا كۆڭۈل بولىدىغان ۋە بارلىق دىن نامىدىن گەپ- سۆز قىلىدىغان، ياكى ئۇ ھەقتە باشقىلارنىڭ تەنقىدىگە ، يامان ئىشلاردىن توسىشىغا دۇچ كەلگەن قېرىنداشلارنىڭ شەرىئەت كۆرسەتكەن ئۆلچەم بويىچە ئىش ئېلىپ بېرىشنى تەۋسىيە قىلىمىز ۋە تەبلىغ ياكى باشقا ھەرقانداق ئورۇندا باشقىلارنى يامان ئىشلاردىن توسۇشنى ئىرادە قىلغانلارنىڭ «مەن بۇ ئىشنى ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈن قىلىۋاتىمەن، باشقا ھەرقانداق رىيا خاراكتېرىدىكى گەپ-سۆز، ھەركەتلەر ئارىلىشىپ قالسا قەتئىي بولمايدۇ» دېگەن تونۇشقا كېلىشىنى، ھەمدە تەنقىدكە ئۇچرىغانلارنىڭ «بۇ ئىشنى باشقىلار شەخسى مەنپەتىگە ئاساسەن ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ» دەپ ئەمەس «ئاللاھنىڭ بۇيرۇقىنى ئىجرا قىلىۋاتىدۇ شۇڭا بىز بۇنى توغرا چۈشىنىشىمىز ۋە ئۇنىڭدىن قايتىشقا تىرىششىمىز كېرەك» دېگەن تونۇش بىلەن قوبۇل قىلىشنى يەنە بىر قېتىم چىن دىلىمىزدىن تەۋسىيە قىلىمىز.

ئايەتلەرنىڭ كۆرسەتمىلىرى:

1 ئال ئىمران سۈرىسى 104- ئايەت.
2 ئال ئىمران سۈرىسى 79- ئايەتنىڭ بىر قىسمى.
3 مائىدە سۈرىسى 78- ۋە 79- ئايەتلەر.
4 ھۇد سۈرىسى 116- ئايەت.
5 - نىسا سۈرىسى 107- ئايەت.
6 - ئەنفال سۈرىسى 67 – ۋە 68- ئايەتلەر.
7 - بۇ ھەقتە نۇر سۈرىسگە قاراڭ.



# ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈملىرى توغرىسىدا ئېلىمسىز ھالدا سۆزلەشنىڭ خەترى ھەققىدە

- ”قوينى قاسساپ سويسۇن“ ئۇيغۇر خەلق ماقالى

شەرئىي ئىلىمدىن خەۋىرى يوق ئادەملەرنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ ھۆكۈملىرى توغرىسىدا ئېغىز ئېچىشىنىڭ نەقەدەر خەتەرلىك ئىكەنلىكىنى ساغلام ئەقلى بار ھەرقانداق ئىنسان ياخشى بىلىدۇ. بۇ تېمىدا بىلىپ سۆزلىمەي، ئۆزىنىڭ پىكرى ۋە كۆز-قاراشلىرىنى شۇ ساھە ئەھلىگە قويۇپ بەرمەي، ئۇنى نادانلارچە ئاللاھنىڭ دىنى نامىدىن ئوتتۇرىغا قويۇش ئەقلىگە ئۇيغۇن ئەمەسلىكى،ھەممىگە ئايدىڭ ئەقەللى ساۋات. دەرۋەقە، يۇرىكىدە كېسەل بار ئادەم چىش دوختۇرىنىڭ تەلىماتىغا بىھاجەت بولغاندەك، ماشىنىسىنىڭ كامىرى يېرىلىپ كەتكەن كىشىمۇ تۆمۈرچىنىڭ قىلغان تەۋسىيەسىلىرىگە بىھاجەت...

مانا مۇشۇنداق ھەممىگە ماقۇل كېلىدىغان خۇلاسىلەر ئىچىدىن ئەھلى ئىسلام ئارىسىدا ئادەمنى بىئارام قىلىدىغان، ئەمما تىپ- تىنچ بىر ھادىسىگە نىسبەتەن بىلگەنلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇش مەقسىتىدە بۇ ماقالىنى يازدىم.



ئۇنى ھادىسە دېسەممۇ، پاجىئە دېسەممۇ بولىۋېرەتتى. چۈنكى، شەرىئەت ئىلىملىرى ساھەسىگە ئىلىپنى چۇماقمۇ دېيەلمەيدىغان بىر بۆلۈك كىشىلەر باستۇرۇپ كىرىپ، شەرىئەت ئەھكاملىرىغا خىلاپ ھالدا، پەتىۋا بېرىش ۋە ئىسلام دىنى پەلسەپىلىرى بويىچە نەزىرىيەلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇش بىلەن شۇغۇللاندى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



سۇغۇللىنىۋاتىدۇ. ھەممىگە مەلۇم تەرىپى شۇكى، ئۇ ئادەملەردە ئۇخشىمىغان مەسىلىلەرگە ئارىلاشقۇدەك ئىلمىي سەۋىيە ۋە ئىلىم ئادەملىرىگە خاس سۈپەتلەر يوق.

مېنى بىئارام قىلىۋاتقان مەسىلىلەرنىڭ بىرى، بىر قىسىم يازغۇچى ۋە شائىرلار گېزىت- ژورناللار ئارقىلىق بەزى مەسىلىلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، تالاش- تارتىشلارنى قىلدى، مۇنازىرىلەرنى ئېلىپ باردى ۋە بېرىۋاتىدۇ. ئەسلىدە بۇ مەسىلىلەرنى ئۇنداق شەرئىي ئىلىمدىن ساۋادى يوق كىشىلەر ئەمەس، ھەتتا ئىلىم ئەھلىلىرى كۆتۈرۈپ چىقىشىمۇ بولمايدىغان مەسىلىلەر ئىدى.

بۇ قېتىقى تېمىدا، كىشىلەرنى دىنى ھەققىدە سۆز قىلىشتىن توسۇش ياكى بەزىلەرنىڭ تەسۋىرىدىكى "دىنىي كىشىلەر" دەپ ئاتالغان خاتا ئاتالغۇنىڭ ئېقىنىنى بويلاپ مېڭىشنى مەقسەت قىلمايمەن. لېكىن، دىنىنى ھىمايە قىلىش ۋە ئۇنىڭ چەك- چېگراسىنىڭ ئاللاھنىڭ نامىدىن سۆزلەشكە مۇناسىپ بولمىغان ئادەملەر تەرىپىدىن دەخلى- تەرۇزگە ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلغانلىقىم ئۈچۈن، بۇ قىرىنداشلارنى ئوتتۇرىغا قويدۇم. دەرۋەقە بۇنداق غايە، بۇ قىرىنداشلار ئۆزىنىڭ سۆزلەش ۋە ھۆكۈم قىلىش دائىرىسىدىن ھالقىپ، شەرىئەت ئىشلىرىغا ئەللامىلەرچە ئارىلىشىۋالغان كىشىلەرنىڭ خاتىرىسىدە ئاساسىي جەھەتتىن يوق. بۇ خىل پەرۋاسىزلىق ۋە چەك - چېگرادىن ھالقىپ كەتكەن كىشىلەرگە بىرىلگەن نۇرغۇن ئاگاھلاندۇرۇشلار ئۇلارنىڭ نەزىرىدىن ساقىت بولغان بولۇپ، ئۆزىنىڭ سۆزلەۋاتقىنىنى شەرىئەتنىڭ ھۆكمى قىلىپ، ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ بەرگەن بىرەر ھۆكمىگە سېلىشتۇرۇپ نىسبەت بېرىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، بىر بولسا، نازىل قىلىنغان ۋەھيىگە ئۇيغۇن ئىلىم ۋە ئاڭ بىلەن سۆزلىگەن بولىدۇ ياكى بولمىسا ئاللاھقا بۆھتان چاپلىغان بولىدۇ. مانا بۇ ئەڭ خەتەرلىك مەسىلە. بۇ، ئاللاھ تائالاغا شېرىك كەلتۈرۈشتىنمۇ ئېغىر جىنايەتلەر قاتارىدا سانىلىدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئاللاھ تائالانىڭ رەببانىيەتلىك سۈپىتىگە سەل قاراش خاھىشى بار. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ:

﴿(ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا) ئېيتقىنكى، «پەرۋەردىگارىم ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى، گۇناھلارنى، (كىشىلەرگە) ناھەق چېقىلىشنى، (اللّٰه نىڭ شېرىكى بولۇشقا) اللّٰه ھېچقانداق دەلىل چۈشۈرمىگەن نەرسىلەرنى اللّٰه غا شېرىك كەلتۈرۈشنى، ئۆزەڭلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى اللّٰه نامىدىن قالايمىقان سۆزلەشنى ھارام قىلدى.﴾[2]

ھافىز ئىبن جەۋزى مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ئايەت كەسكىن دەلىل ۋە روشەن چۈشەنچە بولمىغاندا، دىن توغرىسىدا سۆزلەشنىڭ ھاراملىقىنى كۆرسىتىدۇ. ئاللاھ تائالا، بىر ئىشقا ئۆزىنىڭ تەھلىلى بويىچە ھۆكۈم چىقارغان ياكى ئاساسسىز بىر نەرسىنى ھارام قىلغان ئادەملەرنى "ئاللاھ نامىدىن يالغاننى ئۆيدۇرۇپ چىققۇچىلار" دەپ ئاتىدى. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېدى:

﴿ئاغزىڭلارغا كەلگەن يالغاننى سۆزلەش ئۈچۈن (ھېچقانداق دەلىلسىز) «بۇ ھالال، بۇ ھارام» دېمەڭلار، چۈنكى (مۇنداقتا) اللّه نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغان بولىسىلەر، اللّه نامىدىن يالغاننى ئويدۇرغۇچىلار ھەقىقەتەن (دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە) مەقسىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ﴾[3]

ھاپىز ئىبن كەسىر مۇنداق دەيدۇ: «بۇنىڭ دائىرىسىگە شەرىئەتتە ئاساسىي بولمىغان بىر ئىشتا بىدئەت پەيدا قىلغان، ياكى ئاللاھ ھارام قىلغان نەرسىنى ھالال سانىغان ۋەياكى ئاللاھ مۇباھ قىلغان بىر ئىشنى ئۆز كۆز قارىشى ۋە ھاۋايى- ھەۋىسىگە تايىنىپ ھارام قىلغان... لارنىڭ ھەممىسى كىرىدۇ.»

ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، ئۆلىمالار بۇ تېمىدا ئۆزىنى ئانىماسلىق ھەققىدە ئاگاھلاندۇرۇش بەرگەنسىرى، بىر قىسىم كىشىلەر دىنىي مەسىلىلەردە پەرۋاسىزلىق قىلىپ ناھايىتى چوڭ ئىملارغا يېپىشىۋېلىۋاتىدۇ. ئىمام شەئبى (ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن) مۇنداق دەيدۇ: «سىلەرنىڭ بىرىڭلار پەتىۋا بەرگەن بىر مەسىلە ئۆمەر ئىبنى خەتتابنىڭ ئالدىغا كېلىپ قالغىنىدا، ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىش ئۈچۈن، بەدر غازىتىغا قاتناشقانلارنىڭ ھەممىسىنى توپلىغان بولاتتى.» ئىمام مالىك- ئاللاھ ئۇنىڭغا رەھمەت قىلسۇن- مۇنداق دەيدۇ: «كىمكى بىر مەسىلىگە جاۋاب بەرگەن بولسا، جاۋابىنى ئىلگىرى ئۆزىنى دوزاخ بىلەن جەننەتكە تەڭلەپ باقسۇن ۋە ئۇنىڭدىن قانداق ئامان بولۇشىنى ئويلاپ قويسۇن، ئاندىن جاۋاپ بەرسۇن.» ئىبن مۇنكەدىر مۇنداق دەيدۇ: ئالىم ئاللاھ بىلەن بەندە ئوتتۇرىسىدىكى ئىشقا ئارىلىشىدۇ. ئۇ ئۆزى ئۈچۈن بىر چىقىش يولى ئىزدىشى لازىم. ئاللاھ ھەممىدىن ئالىمدۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا دۇئالىرىمىزنى يوللاش بىلەن ماقالىمىزنى ئاخىرلاشتۇرىمىز.■

**بۇ ماقالە خالىد ئەششايئىنىڭ شۇ نامىلىق ماقالىسىگە ئاساسەن ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىندى. - ئا. قارلۇقىي**

2 - ئال ئىمران سۈرىسى، 33- ئايەت.

3 نەھل سۈرىسى، 116- ئايەت.





ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

مەرىپەت ژۇرنىلى رابىيە قادىر خانىمنىڭ
خىتاي تۈرمىسىدىن ئازات قىلىنغانلىقىنى
قىزغىن تەبرىكلەيدۇ!
مەرىپەت ژۇرنىلى رابىيە خانىمنىڭ
تېنىگە سالامەتلىك، خىزمەتلىرىگە
مۇۋەپپىقىيەت تىلەيدۇ. شۇنداقلا خىتاي
زىندانلىرىدا ئىڭراۋاتقان مىڭلارچە رابىيە
خانىملارغا ئەركىنلىك، ئازاتلىق،
نىجاتلىق، بەخت ۋە غەلىبە تىلەيدۇ!